ئىسلام ئاۋازى
ISLAM AWAZI

# تاكتىكا دەرسى ھەققىدە
# قىسقىچە چۈشەنچە



تۈزگۈچى: ئەبۇ مۇھەممەد

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئەسكىرى مائارىپ بۆلۈمى

# تاكتىكا دەرسى ھەققىدە
# قىسقىچە چۈشەنچە

تۈزگۈچى: ئەبۇ مۇھەممەد

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئەسكىرى مائارىپ بۆلۈمى

﴿ ﴿٥٩﴾ وَأَعِدُّوا۟ لَهُم مَّا ٱسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ ٱلْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ
وَعَدُوَّكُمْ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ ٱللَّهُ يَعْلَمُهُمْ ۚ وَمَا تُنفِقُوا۟ مِن شَىْءٍ
فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ ﴿٦٠﴾ ﴾

دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر ، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ
(يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)

عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا أَرَادَ غَزْوَةً وَرَّى غَيْرَهَا وَكَانَ يَقُولُ الْحَرْبُ خَدْعَةٌ.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر جايغا غازات يۈرۈشى قىلماقچى بولسا، باشقا بىر يەرگە ماڭغاندەك قىلىپ، قىلماقچى بولغان غازاتنى يوشۇراتتى ۋە: «ئۇرۇش ھىيلە بىلەن بولىدۇ» دەيتتى .

مۇندەرىجە

مۇقەددىمە.......................................................................................7
رازۋېدكا .........................................................................................12
رازۋېدكىنىڭ مەقستى .........................................................................12
رازۋېدكىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر..........................................................14
رازۋېدكىغا كېتىدىغان نورمال ئادەم سانى.................................................15
گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ رەت-تەرتىپى ۋە ۋەزىپىسى ........................................16
رازۋېدكىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ......................................................18
رازۋېدكىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان 1- مۇھىم قائىدىلەر...................18
رازۋېدكىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان 2- مۇھىم قائىدىلەر...................22
رازۋېدچىك بولۇشنىڭ شەرتى ................................................................25
رازۋېدچىكقا كېرەكلىك نەرسىلەر............................................................27
رازۋېدچىكنىڭ ۋەزىپىسى .....................................................................28
يول يۈرۈش بىخەتەرلىك قائىدىلىرى........................................................28
ئايلانما يولدىن يۈرۈش.........................................................................29
دۆڭ بار يوللاردىن يۈرۈش ....................................................................30
تاغ ئارىلىقىدىكى يولدىن ياكى جىرادىن ئۆتۈش ..........................................31
ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتۈش ........................................................................31
يولدىن كېسىپ ئۆتۈش .........................................................................33
دەريادىن ئۆتۈش.................................................................................36
ئورمانلىقتا بىخەتەر يۈرۈش قائىدىسى........................................................37
پىستىرما .........................................................................................39
پىستىرمىغا ئورۇن تاللاش.....................................................................40
پىستىرما قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن ھەققىدە ۋە پىستىرما قىلماقچى بولغان ئورۇن ھەققىدە كۆپرەك مەلۇمات ئېلىش كېرەك ..........................................................42

پىستىرمىغا مۇۋاپىق قورال تاللاش ..................................................... 43
پىستىرمىغا ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن قىلىش مۇھىم بولغان بەزى ئالاھىدە ئىشلار.......... 43
پىستىرمىغا ئادەم ۋە قورال ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىپلىرى .................................. 45
پىستىرمىنى باشلاش تەرتىپى .............................................................. 46
پەسكە چۈشۈپ ئۆلمەي قالغانلارنى بىر تەرەپ قىلىپ غەنىمەتلەرنى ئېلىپ چىقىش........ 48
پىستىرمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھالەتلىرى............................................... 51
تۈزلەڭلىكتە پىستىرما قويۇش............................................................. 52
چېكىنىش تەرتىپى ........................................................................ 56
دۈشمەن پىستىرمىسىنى ئېنىقلاش ........................................................ 57
دۈشمەن پىستىرمىسىدىن چېكىنىپ چىقىش ۋە پىستىرمىدا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش ......... 60
جەڭ پىلانى تۈزۈش ....................................................................... 62
ھۇجۇم قىلىش ............................................................................ 67
مۇداپىئە ................................................................................. 77
فەتىھ بولغان ئورۇنلارنى مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوغداش ................................ 85
تۈزلەڭلىك ئورۇنلارغا خەندەك كولاپ رىبات ئورۇنلاشتۇرۇش................................. 87
شەھەرلەردە (يەنى ئۆي بار ئورۇنلاردا) مۇداپىئەلەرنى مۇستەھكەملەش ...................... 97
تاغلىق ئورۇنلاردا مۇداپىئەلەرنى مۇستەھكەملەش.......................................... 100

# مۇقەددىمە

بسم الله الرحمن الرحيم

جىمى ھەمدۇ ـ سانا بەندىسىگە سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتاقىلغان، ئۆز قوشۇنلىرىنى كاتتا شان ـ شەرەپ بىلەن ئىززەتلىك قىلغان، ئەھزاپ قوشۇنلىرىنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ مەدھىيىسى ۋە سالامى پەيغەمبىرىمىز، قوماندانىمىز، نۇرلۇق ھەققەت يولىنى ئۆز ھاياتىدا بىزگە كۆرسىتىپ كەتكەن، ئۆزىدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدىغان بۈيۈك يولباشچىمىز رەسۇلۇللاھقا بولسۇن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ يول كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار، اللە سىلەرگە خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە اللە ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرىۋەتمەيدۇ» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

جىھاد ھەرقايسى زامانلاردا ئۆز ھالىغا يارىشا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولىدۇ. سەۋەب-نەتىجە قانۇنىيىتىنى چەتكە قاقماستىن ئىزدىنىپ باققىنىمىزدا، ئۇرۇشتىكى قورال-ياراق ۋە ئۇنى ئىشلىتىشتىكى تاكتىكىلارنى بىلىش كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ماددىي ئامىلدۇر. اللە تائالا زېمىندا ھەربىر شەيئىنى يارىتىشتا، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، توغرا ئىشلىتىشنى بىلگەنلەر ئۈچۈن زور پايدا-مەنپەئەتلەرنى بېغىشلىدى، ئەلۋەتتە. پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان سەييىدىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان ھەر بىرىمىز ياشاۋاتقان بۇ زامان ھەم بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. بولۇپمۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بېشىدىكى شېرىك ۋە كۇفرىنىڭ سېسىق تۈتەكلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن ھىممەت بېلىمىزنى مەھكەم باغلاپ، قولىمىزدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئىمكانىيەت بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ھەر بىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. قارىنىڭ غېمىدىن باشقىنى ئويلىيالايدىغان مۆئمىنلەر ئۈچۈن بۇ ئاچچىق رېئاللىق قاراڭغۇ ئەمەس. ھەققەتەن بىزنىڭ جىھاد مەيدانلىرىدىكى ئەڭ ياخشى قورالىمىز تەقۋالىق ۋە ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز بولسا گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرىمىزدۇر.

**الحمد لله**، بۇ قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئالغان بىلىملىرىمىز بىلىدىغانلارغا ئەسلەتمە، بىلمەيدىغانلارغا پايدىلىق بىلىم بولۇپ، مۇجاھىدلار قانلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ تالاپەت يېيىشىگە سەۋەپ بولار دېگەن ئۈمىدتە بۇ كىتاپنى تۈزۈپ چىقتىم.

بۇكىتاپنى ئەينى دەرىسخانىدىن ئېلىنغان نەخ مەيدان ئاۋازلىق ماتىرىيال ۋە مۇئەسكەرداش بۇرادەرلەرنىڭ دەرس خاتىرىسى، شۇنداقلا ئۇستازنىڭ دەرسىدىن چۈشۈنۈپ يادىمدا قالغان بىلىملەرگە ئاساسلىنىپ تۈزۈپ چىقتىم. ئۇستازنىڭ دەرس ۋاقتىدا قىلغان نەسىھەت خاراكتىرلىق سۆزلىرىنى چۈشۈنۈشلۈك بولسۇن ئۈچۈن، ئەسلى مەقسەتتىن چەتنەپ كەتمىگەن ئاساستا شەرھىلەپ ئانچە-مۇنچە گەپ قوشۇپ قويدۇم. بۇرادەرلەرگە تېخىمۇ پايدىلىق كىتاپ بولۇپ چىقسۇن دېگەن ئۈمۈتتە، شەرئى ئۇستازلار ۋە باشقا ئەسكىرى ئۇستازلاردىن ئاڭلىغان بەزى تەلىملەرنى، رىباتلاردا تۇرۇش، جەڭلەرگە قاتنىشىش جەريانىدىكى بەزى پايدىلىق تەجرىبىلەرنىمۇ كىرگۈزۈپ قويدۇم.

توغرىنى يازغان بولسام بۇ اللەنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى، ئۇستازلىرىمىزنىڭ توغرا تەلىم بېرىشى ۋە بۇرادەرلىرىمنىڭ ياردىمىدىن، ئەگەر خاتا كەتكەن بولسام بۇ سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە دەرسنى خاتا چۈشەنگەنلىكىمدىن دەپ قارايمەن.

جىھاد مەيدانىدا تۇرغان ۋاقتىمنىڭ قىسقا بولىشى، ئەمەلى جىھادى تەجرىبەمنىڭ كەملىكى ۋە باشقا سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ كىتاپتا خاتالىقلارنىڭ سادىر بولىشى تەبئى. خاتالىقلارنى سەزگەن ئۇستازلار ۋە بۇرادەرلەرنىڭ سەممى ئەسكەرتمە بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. مېنىڭ خاتالىقىم سەۋەبىدىن مۇجاھىدلارغا مۇسىبەت يېتىپ قېلىشىدىن اللەساقلىسۇن. الله تائالادىن بۇ بىلىملەرنى جىھادىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئاز بەدەل تۆلەپ اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە كۆپلەپ تالاپەتلەرنى يەتكۈزىشىگە، مەزلۇم ئىسلام ئۈممىتىنىڭ، جۈملىدىن مەزلۇم شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ تېزراق ئىسلامى ھۆرلۈككە ئېرىشىشىگە سەۋەپ قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. الله بۇ بىلىملەرنى بىزلەرگە دۇنيا-ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان بىلىم ۋە ئەمەللەر قاتارىدىن قىلسۇن.

ئاخىردا بۇرادەرلىرىمگە ئۆزۈم مۇھىم دەپ قارىغان بىر نەچچە تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئەسلىتىمەن.

(1). ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق.

7920 ـــ عن عَلْقَمَةَ بن وَقَّاصٍ اللَّيْثِيِّ قال سمعت عُمَرَ بن الْخَطَّابِ يقول قال رسول اللَّهِ صلى اللَّهُ عليه وسلم إنما الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ ما نَوَى فَمَنْ كانت هِجْرَتُهُ إلى اللَّهِ وَرَسُولِهِ فَهِجْرَتُهُ إلى اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَمَنْ كانت هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا أو امْرَأَةٍ يَتَزَوَّجُهَا فَهِجْرَتُهُ إلى ما هَاجَرَ إليه.

7920ـــــ ئەلقەمە ئىبنى ۋەققاس لەيسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەمەل نىيەتكە باغلىق بولۇپ، كىشى پەقەت نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ. كىمكى الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، كۆزلىگىنىگە ئېرىشىدۇ. قانداق بىر ئادەمنىڭ ھىجرىتى ئازغىنە دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىر ئايالغا ئۆيلىنىش بولسا، پەقەت شۇنىڭغىلا ئېرىشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن مەيلى ئىلىم ئېلىش بولسۇن ياكى جەڭ قىلىش بولسۇن قانداقلا بىر ئىشنى قىلماقچى بولساق ئاۋۋال نىيىتىمىزنى توغۇرلىۋېلىشىمىز لازىم. ئەمەلنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى ئىككى. بىرىنچى ـ نىيەت اللەرىزالىقى ئۈچۈن خالىس بولۇش. ﴿ قُلْ إِنِّيٓ أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ ٱللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ ٱلدِّينَ ﴿١١﴾ ﴾ الزمر: ١١

﴿ ئېيتقىنكى، «مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا اللەقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم ﴾.

ئىككىنچى ـ قۇرئان-سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش.

131 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ فِيهِ فَهُوَ رَدٌّ.

131ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا (يەنى دىنىمىزدا) يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ». (بۇخارى: 6297)

[1] ئەلبانى (1927): سەھىھ ـ دېگەن.

(2). ياخشىلىق-يامانلىق، غەلىبە-مەغلۇبىيەت ھەر ئىشنىڭ اللەنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ۋە ﷲ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم . بىز غەلىبە-نۇسرەتنى، ئىشلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ قورالى ياكى جاسارىتى ۋە ياكى يۇقىرى ئىقتىدارلىق، تەجرىبىلىك ئەمىر-قوماندانلارنىڭ پاراستىدىن ئەمەس، پەقەت يەككە يىگانە الله تىنلا كۈتۈشىمىز كېرەك. مەيلى بىز تاكتىكا بىلىملىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئۆگۈنۈپ كېتەيلى، سانىمىز كۆپىيىپ، قورالليرىمىز سەرخىللىشىپ كەتسۇن اللەنىڭ نۇسرىتى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. بۇنىڭغا تارىخ ۋە ئارىمىزدىكى كۆپ جەڭلەرنى كۆرگەن ئۇستاز ۋە بۇرادەرلىرىمىز گۇۋاھ. اللەنىڭ نۇسرىتىگە لايىق بولىشىمىز ئۈچۈن، الله ۋە اللەنىڭ رەسۇلى بۇيرىغاننى قىلىپ، توسقىنىدىن يېنىشىمىز كېرەك. الله تائالا بىزنى جامائەت بولۇشقا، ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان ۋە تەپرىقچىلىكتىن توسقان.

قال ﷲ تعالى ﴿ وَٱعۡتَصِمُواْ بِحَبۡلِ ٱللَّهِ جَمِيعٗا وَلَا تَفَرَّقُواْۚ ﴾ آل عمران: ١٠٣

ھەممىڭلار الله نىڭ ئاغامچىسىغا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار).

(3). دىن يولىدا زىيادە چىدامچان بولۇشىمىز كېرەك. بىرىمىز بوشاپ قالساق يەنە بىرىمىز چىڭىتايلى! دۈشمەن بىلەن سەبىردە بەسلىشىپ ئۇلارنى سەبىرىمىز بىلەن يېڭەيلى! بىز چارچىساق ئۇلارمۇ چارچايدۇ. كۆپىنچە جەڭلەرگە قارايدىغان بولساق قولىمىزدىكى ئىمكانىيەتلەر تۈگەپ، ھەتتا چېكىنىپ چىقىپ كەتكۈدەكمۇ ئىمكانىيىتىمىز يوق، يۈرەكلىرىمىز ئېغىزىمىزغا كەپلىشىپ، الله نىڭ نۇسرىتى قاچان كىلىدۇ دەپ الله قا يېلىنىپ دۇئا قىلغاندا ۋە شۇ ئېغىرچىلىقلارغا سەبىر قىلىپ مۇستەھكەم تۇرغاندا ئاندىن اللەنىڭ نۇسرىتى كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىككى تەرەپنىڭ قايسىسى مۇستەھكەم تۇرۇپ سەبىردە يەڭسە، شۇ تەرەپ غەلىبە قىلىدۇ. توغرا، بىز اللەنىڭ قوشۇنى، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ. لېكىن بۇ سىناق دۇنياسى، بەزىدە دۈشمەن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ، بەزىدە بىز غەلىبە قىلىمىز، بۇ غەلىبە-مەغلۇبىيەتلەرنىڭمۇ سەۋەبى بولىدۇ. يا بىزنىڭ ئىتائەتسىزلىكىمىز سەۋەپ بولىدۇ ياكى دۈشمەننى سەبىردە يېڭەلمىگەنلىكىمىز ۋە ياكى باشقا سەۋەپلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆز-ئارا مېھرى- مۇھەببەتلىك بولۇشىمىز، بىر-بىرىمىزنى ھەققە تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇشىمىز، سەبىرگە تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇشىمىز، ئەمىرلىرىمىز ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ مەئرۇپ بۇيرۇقلىرىغا قەتئىي ئىتائەت قىلىشىمىز كېرەك.

الله تائالا ھەممىمىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلسۇن ۋە بىزلەرنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھەق ئۈستىدىكى تائىپىلەر قاتارىدىن قىلسۇن! الله تائالا ئۆزىمىز دېگەنگە ئەمەل قىلغىلى نېسىپ قىلسۇن ۋە شۇنى ئاسان قىلىپ بەرسۇن! ھەق ئۈستىدە ياشاپ، ھەق

ئۇستىدە ھاياتىمىزنى ئاخىر لاشتۇرغىلى نىيەت قىلسۇن! ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىنى مەقبۇل شاھادەتكە مۇيەسسەر قىلسۇن ئامىن. !

بۇ تاكتىكا دەرسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە - رازۋېدكا قىلىش، پىستىرما قىلىش، جەڭ پىلانى تۈزۈش، ھۇجۇم قىلىش، مۇداپىئە قىلىش قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇلارنى ئايرىم-ئايرىم تونۇشتۇرىمىز.

# رازۋېدكا

رازۋېدكا - تاكتىكىنىڭ بىر مۇھىم قىسمى بولۇپ، رازۋېدكىچى گۇرۇپ ئارمىيەنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. رازۋېدكا ئەمەلىيەت قىلىش ئۈچۈن ۋە دۈشمەن ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

رازۋېدكا قىلىش ـ ئاڭلاش، تەكشۈرۈش، پىستىرما قويۇش، بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ قويۇپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋېلىش (يەنى رازۋېدكا جەريانىدا كۆزەتتۇق، لېكىن دۈشمەن مۇداپىئەلىرىنىڭ سانىنى، ئورنىنى ۋە قايسى مۇداپىئەدە قايسى قورالى بارلىقىنى بىلەلمىدۇق. بۇ ئەھۋالدا بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەننىڭ ئوقى تەسىر قىلمايدىغان بىخەتەر يەردە تۇرۇپ دۈشمەنگە ئوق ئاتىدۇ، بىر تۈركۈممىز دۈشمەننىڭ قانچە مۇداپىئەسى ۋە قايسى قوراللىرى بار لىغىنى بىلىۋالىمىز، بۇ ئۇسۇلنى ئەھۋالغا قاراپ ئىشلەتسەك بولىدۇ) ۋە دۈشمەننىڭ ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى مەخپى تىڭشاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**رازۋېدكىنىڭ مەقسىتى**

دۈشمەننىڭ سانى، قورالى، مەقسىتى، قانداق قوشۇن ئىكەنلىكى (يەنى قوشۇننىڭ خاراكتېرى ياكى سالاھىيىتى)، كونا - يېڭىلىقى، دۈشمەننىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ قانداقلىقى ۋە دۈشمەننىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈك تەرەپلىرىنى بىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

***رازۋېدچىكلار رازۋېدكىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئورۇنداش جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار.***

رازۋېدكا گۇرۇپپىسىغا قانداق ۋەزىپە بېرىلگەن بولسا ئىجتىھاد قىلماي پەقەت شۇنىلا قىلىش كېرەك.

مىسال : ئەمىر رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنى بىر يەرگە رازۋېدكا قىلىپ دۈشمەن ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا ئەۋەتكەن بولسا، رازۋېدچىكلار ئۈستىدە سۆزلەنگەن رازۋېدكىنىڭ مەقسىتى بويىچە ئىش بېجىرىشى، باشقا ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. رازۋېدكىغا كېتىۋاتقان ياكى قايتىۋاتقىنىمىزدا، بىز بىمالال مەغلۇب قىلالايدىغان دۈشمەننىڭ بىر كىچىك گۇرۇپپىسىنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ بۇلارغا ھۇجۇم قىلماسلىقىمىز ۋە ياكى بىرەر دېھقاننى كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ چېقىلماسلىقىمىز بەلكى كۆرۈنمەي ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك. ناۋادا كۈچىمىز يېتىدىكەنلا-دەپ ئۇچرىغانلا نىشاننى ئۇرۇپ، غەنىمەت ئېلىپ كەلسەك ياكى بىرەر دېھقان ياكى پادىچى دېگەندەكلەر ئۇچراپ قالسا، بۇنىڭدىن

دۈشمەن ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئىگەللىيەلەيمىز دەپ ئىجتاھاد قىلىپ سوراق قىلساق ياكى تۇتۇپ ئېلىپ كەتسەك، دۈشمەن بۇنى ئېنىقلاپ، بىزنىڭ ئۇلارنى رازۋېدكا قىلغىلى كەلگەنلىكىمىزنى بىلىپ، يەنە بىر كېلىشىمىزگە بىزگە پىستىرما قويىشى مۇمكىن ياكى بىزنىڭ رازۋېدكا قىلىپ، مەلۇمات ئېلىپ جەڭ ئەمەلىيىتى قىلماقچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ مۇداپىئەلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى ۋە تېخىمۇ سەگەك تۇرىۋېلىشى مۇمكىن. ئەمىر دۈشمەن ئۇچراپ قالسا كۆرۈنمەڭلار، مەخپى بېرىپ مەخپى كېلىڭلار دەپ تەكىتلىسىغۇ چوقۇم چېقىلمايمىز. بىزنى رازۋېدكا قىلىشقا بۇيرۇپلا، ھېچقانداق ئىشتىن توسمىسىمۇ، ئۇچراپ قالغان ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدىغان تەييار ئولجىلارغا چېقىلماي، يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۇلارغا كۆرۈنمەي قايتىپ كېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئەمىر بىزنى رازۋېدكىغا ئەۋەتكەندە دۈشمەننىڭ بىرەر كىچىك گۇرۇپپىسىنى كۆرۈپ قالساڭلار، كۈچۈڭلار يەتكۈدەك بولسا ئۇرۇپ، ئەسىر ئالالىغۇدەك بولسا ئەسىر ئېلىپ كېلىڭلار دېسە شۇنداق قىلىمىز. چۈنكى، ئەمىرلەر بىزنى بىرەر ئىشتىن توسسا ياكى بۇيرىسا، ئۇممەتكە كېلىدىغان پايدا-زىياننى كۆزدە تۇتۇپ بۇيرۇيدۇ. ( نحسبهم كذالك والله حسيبهم ) بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئىتائەت قىلىشىمىز ۋاجىپ بولىدۇ، بۇنداق قىلىش ھەم رازۋېدكىنىڭ بىر تۈرى.

يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىز، بىز دۈشمەننى ياكى ئاددى بىر خەلقنى كۆرۈپ، ئۇلار بىزنى كۆرمىگەندىكى ئەھۋال. دەرۋەقە ئەگەر دۈشمەن بىزنى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلىمىسەكمۇ بولىدۇ ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشىمىز تەبىئى ئەھۋال، بۇنداق ئەھۋالدا بىز «رازۋېتكىغا كىرگەن، رازۋېدكىدا ئوق چىقارمايتتۇق» دېسەك، دۈشمەن بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ، لېكىن بىز ئامال بار بىر-بىرىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ، تەرتىپ بويىچە تېز چېكىنىپ چىقىۋېلىشىمىز كېرەك. يەنى دۈشمەننىڭ ئۈستۈن كۈچ دائىرىسىدە ئۇزاق تىركىشىپ تۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئەگەر بىز رازۋېدكا ئەمەلىيىتى قىلىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ كونترولluqidiki دائىرىگە كىرگەندە، بىرەر دېھقان ياكى پادىچى ۋە ياكى باشقا ئەسكەر بولمىغان ھەر قانداق ساددا كىشىلەر بىزنى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇنى تۇتۇپ ئىككى ئادەم ياكى ئەھۋالغا قاراپ ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەمنى ساقلاشقا قويىمىز، يالغۇز بىرلا ئادەمنى قويۇپ قويمايمىز. ساقلاشقا ئادەم قويۇپ بولغاندىن كېيىن، قالغانلار ۋەزىپىمىزنى ئورۇنداشقا ماڭىمىز، دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇتقۇنلارنى قويىۋېتىپ دەرھال بۇيەردىن تېزسۈرئەتتە يىراقلىشىشىمىز لازىم. ئەگەر بىز رازۋېدكىنى ئورۇنداپ بولۇپ قايتىۋاتقاندا ئۇچراپ قالسا، بۇيەردىن تېز قايتىپ چىكىتىمىز، بۇيەرگە بۇندىن كېيىن كىرمەيمىز، كىرىشكە توغرا كەلسە ئېھتىيات سەۋەپلىرىنى ياخشى تۇتۇپ باشقا يوللار بىلەن كىرىشىمىز كېرەك. الله اعلم.

**رازۋېدكىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر**

1-مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىش.

2-رازۋېدكا توختاپ قالماسلىق ۋە جەڭ بولمىغان ئەھۋاللاردىمۇ داۋاملىق قىلىش كېرەك. (جەڭ ئەمەلىيىتى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس رازۋېدچىكلار دۈشمەن ھەققىدە ئىنچىكە ۋە ئېنىق مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم رازۋېدكا قىلىشى كېرەك، لېكىن رىباتتا تۇرۇۋاتقان، جەڭ بولمىغان ۋاقىتلاردىمۇ دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن كىچىك تۈردىكى رازۋېدكا خىزمەتلىرىنى توختاتماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلەن، دۈشمەننى بەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ كۆزەتمىسەكمۇ رىبات ئورنىمىزدىن بىر نەچچە كىشى ئازراق ئىچكىرىلەپ كىرىپ دۇربۇندا كۆزىتىش دېگەندەك كىچىك تۈردىكى رازۋېدكىلارنى داۋاملىق قىلىپ تۇرىشىمىز كېرەك) .

ناۋادا بىز كىچىك تۈردىكى رازۋېدكىلارنى توختىتىپ قويساق ، دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەرسىز قالىمىز-دە، دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا بۇ بىز ئۈچۈن تۇيۇقسىز ئىش بولىدۇ. دۈشمەن ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن باشقا يەردىن چوڭ قوراللىرىمىزنى ئەكىلىشكە، ياردەمگە ئادەم چاقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇ سەۋەپتىن بەزەن تالاپەتلەر يېتىپ قالىدۇ. بىز ئەگەر دۈشمەننى كۆزىتىشنى (يەنى كىچىك تۈردىكى رازۋېدكىنى ) توختىتىپ قويماي ھەمىشە داۋاملاشتۇرساق، دۈشمەننىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىدىن دەل ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرالايمىز. مەسىلەن: يېڭىدا قەيەرگە مۇداپىئە ياسىدى، ئەسكەرلىرىنى كۆپەيتىۋاتامدۇ، چوڭ قوراللىرىنى يۆتكەپ ئەكىلىۋاتامدۇ-يوقمۇ دېگەندەك دۈشمەننىڭ يېڭى ھەرىكەت ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىپ تۇرالايمىز. ئەگەر دۈشمەن مۇداپىئەلىرىنى كۆپەيتىۋاتقان بولسا، ئەسكەر ۋە ئېغىر قوراللىرىنى يۆتكەپ ئەكىلىۋاتقان بولسا، بۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەنلەكىنى ۋە ياكى باشقا ئەسكىرى مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كىچىك تۈردىكى رازۋېدكا خىزمىتىنى دائىمى ئېلىپ بارساق، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ بولغاندا ئەمەس، بەلكى ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن شۇنىڭغا قارىتا تەييارلىق قىلىۋالالايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن رازۋېدكىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا توختاتماسلىقىمىز كېرەك.

3- يۇشۇرۇن بولۇش. (رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ۋە ئەمىردىن باشقىلار بىلمەسلىك)

4-رازۋېدكىغا ھەر ۋاقىت ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇش.

5-رازۋېدكىدا ئېرىشكەن مەلۇماتلار توغرا ۋە ئېنىق بولۇش.

جەڭ پىلانى - رازۋېدكا مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ تۈزۈلىدۇ. ئەگەر رازۋېدكا مەلۇماتى ئېنىق بولمىسا ياكى خاتا بولۇپ قالسا، ئەڭ يەڭگىل بولغاندا شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپرەك بولۇش بەدىلىگە بولسىمۇ كۆزلىگەن نىشاننى فەتىھ قىلالىشىمىز مۇمكىن. ئېغىر بولغاندا شۇنچە تىرىشچانلىقلارنى قىلىپ، قۇربانلىقلارنى بېرىپ قىلغان جەڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىششى مۇمكىن. (يەنى شەھىد ۋە يارىدارلار شۇنچە كۆپ بولۇپ تۇرۇپمۇ جەڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىششى مۇمكىن.) رازۋېدكىنىڭ جەڭ پىلانى تۈزۈش ۋە جەڭنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك

بولىشىدىكى رولى بەك چوڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن رازۋېدكىدا ئالغان مەلۇماتلارنىڭ توغرا ۋە ئېنىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

6-رازۋېدچىكلار رازۋېدكىدا ئالغان مەلۇماتلارنى ئەمرگە ۋاقتىدا تاپشۇرىشى، ئەمىر- قوماندانلارمۇ رازۋېدكىدا ئېرىشكەن مەلۇماتلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك.

ئەگەر رازۋېدچىكلار ئالغان مەلۇماتلارنى ئەمرگە ۋاقتىدا بەرمەي، كېچىكتۈرۈپ بەرسە، ئەمىر ئۇ مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ شۇ بويىچە پىلان تۈزسە، بۇ مەلۇمات ۋە پىلان دۈشمەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا، قىلىنغان بۇ رازۋېدكىنىڭ ۋە تۈزۈلگەن پىلانلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئەگەر رازۋېدچىكلار ئىگەللىگەن مەلۇماتلارنى ئەمرگە ۋاقتىدا بەرگەن بولسا، لېكىن ئەمىر ۋاقتىدا تەكشۈرمىگەن ۋە شۇ مەلۇمات بويىچە ئىش تۇتمىغان بولسىمۇ ئوخشاشلا پايدىسى بولمايدۇ.

مىسال: رازۋېدچىكلار دۈشمەن ھەققىدە مەلۇمات ئالدى، دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىرى باشقىچە، ئىلگىرىلەپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار، لېكىن بۇ مەلۇماتنى ئەمرگە ۋاقتىدا بەرمىدى ياكى ۋاقتىدا بەرگەن بولسىمۇ ئەمىرلەر ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، شۇنىڭغا قارىتا تەييارلىق قىلمىدى. بۇ ئەھۋالدا دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا، بىز بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ تۇرمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بەزەن تالاپەتلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. (يەنى دۈشمەننى چېكىندۈرەلىگەن تەقدىردىمۇ، شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپ بولۇپ كېتىشى ياكى چېكىندۈرەلمەي بىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن). دېمەك بىز دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، رازۋېدكىچى گۇرۇپپا دۈشمەننىڭ ئۆيەردە مۇداپىئەسى، بۇيەردە تانكىسى بارئىكەن، بۇتەرىپى ئاجىز ئىكەن بۇيەردىن كىرمەك ئاسان ئىكەن دېگەنگە ئوخشاش پايدىلىق مەلۇماتلارنى ئېلىپ كەلگەن، لېكىن ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ بەرمىگەن ياكى ۋاقتىدا تاپشۇرغان بولسىمۇ ۋاقتىدا تەكشۈرۈلمىگەن، ۋاقىت ئۆزىراپ مەلۇمات كونىرىغاندا، پىلان كونا مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن، جەڭ شۇ بويىچە قىلىنغان، مانا شۇ زەنجىرسىمان خاتالىقلار سەۋەبىدىن شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپ بولغان ھالەتتە نىشان فەتھە قىلىنغان، ياكى چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. تەييار ئېلىنىپ بولۇنغان مەلۇمات ۋاقتىدا تاپشۇرۇلماسلىق ياكى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈلمەسلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتكە قاراڭ!

**رازۋېدكىغا كېتىدىغان نورمال ئادەم سانى:**

رازۋېدكىدىكى نورمال ئادەم سانى ئادەتتە ئۈن بولىدۇ. ئۇندىن ئاز بولۇپ قالسا، $RPG$، قەنناس، پىكالارغا ياردەمچى يېتىشمەيدۇ. تاسادىپەن رازۋېدكا جەريانىدا دۈشمەن سىزىپ قېلىپ تۇتۇشۇپ قالساق، ئاز ئادەم بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرماق تەسكە توختايدۇ. ئەگەر ئارىمىزدىن بىرەرسى شەھىد ياكى يارىدار بولۇپ قالسا، بۇنى يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىش تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. كۆپرەك ئادەم بولسا، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، ئاز ئادەمگە قارىغاندا ياخشىراق

تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. شەھىد ۋە ياربىدارلارنىمۇ ئاسانراق ئېلىپ چىقىپ كىتەلەيمىز، لېكىن ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، رازۋېدكىنىڭ يوشۇرۇنلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس نۇرمال ئادەم سانى ئون بولىدۇ. لېكىن كۆپ ئادەم كىرىشكە ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەر شارائىتىغا قاراپ مۇۋاپىق ئادەم كۆپەيتىلسە بولىدۇ.

**گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ رەت-تەرتىپى ۋە ۋەزىپىسى**




ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك ئەڭ ئالدىدا كۆزىتىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار يەڭگىل بولىشى كېرەك. يول يۈرگەندە ھۇشيار بولىشى كېرەك. ( 1- رازۋېدچىك كۆزىتىۋاتقاندا 2- رازۋېدچىك ئۇنى قوغدايدۇ ۋە ئەمىرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى 1- راز ۋېدچىكقا يەتكۈزىدۇ.) رازۋېدكىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىشى ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك ھەمدە شۇ رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمىرگە باغلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسلىق رازۋېدچىك رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى رازۋېدچىكلاردا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ئەڭ مۇكەممەل تېپىلىدىغان كىشلەر بولۇشى كېرەك . بۇ ئىككەيلەننىڭ قورالىدا ئاۋاز پەسەيتكۈچ بولسا تېخىمۇ ياخشى، رازۋېدكىغا كىرگەندە ئوق ئېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، ئوق ئاتساق دۈشمەن ئاڭلاپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋاللاردا ئاۋاز پەسەيتكۈچنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن: رازۋېدكىدا ئوق چىقارساق بولمايدىغان يەرلەردە ئالدىمىزغا يىرتقۇچ ھايۋان ئۇچراپ قېلىشى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئوق ئېتىش زۆرۈرىيتى تۇغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمىر ئوتتۇرىچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئەمىرمۇ يەڭگىل بولۇشى، ئەستايىدىل بولىشى، ئالدىراڭغۇ بولماسلىقى، ھەرقانداق ئىشقا يولۇققاندا جىددىيلىشىپ كەتمەسلىكى، قېرىنداشلارنى ياخشى تەرتىپ قىلىشى ۋە ھەر ۋاقىت رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرالايدىغان، شارائىتقا قاراپ ئۆزئالدىغا بۇيرۇق قىلالايدىغان، ئەقىللىق تەدبىرلىك بولىشى كېرەك.

پىكاچى ئۈچىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. بۇ كىشى جىسمانى جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى، يول يۈرگەندە ئەتراپىنى ۋە ئەمىرنى كۆزىتىپ مېڭىشى، تۇيۇقسىز دۈشمەن چىقىپ قالسا قەيەرگە ئورۇنلىشىش، قەيەردە تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىشنى پىكىر قىلىپ تەييار ھالەتتە مېڭىشى كېرەك.

پىكا ياردەمچىسى بەشىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. بۇ كىشى ھەر دائىم پىكاچى بىلەن بىللە مېڭىشى، ئۇنى قوغدىشى ۋە ياردەم بېرىشى، پىكاچى ئوق ئېتىۋاتقاندا دۈشمەننى كۆزىتىپ بېرىشى كېرەك. زۆرۈر بولغاندا پىكانى ئاتالايدىغان ئادەم بولىشى كېرەك.

$RPG$ چى ئالتىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. $RPG$ چى جىسمانى جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى، ھەر ۋاقىت زېرەك بولۇپ ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇنلارنى كۆرۈپ مېڭىشى كېرەك.

$RPG$ ياردەمچىسى يەتتىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئۇ ھەر ۋاقىت $RPG$ چى بىلەن بىللە مېڭىشى، ئۇنى قوغدىشى، زۆرۈر بولغاندا $RPG$ نى ئاتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئەسكەرتىش: نائىب ئەمىرلىككە لايىق كىشىنى $RPG$ چى قىلىش كېرەك، ئەمىر شەھىد بولۇپ كەتسە $RPG$ چى ئەمىر بولىدۇ، نائىب ئەمىرنىڭ $RPG$ چى بولىشىدىكى سەۋەپ $RPG$ چىنىڭ ئورنى گۇرۇپپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سەۋەپ قانۇنىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ بىخەتەر ئورۇن. ئەمىرنى ئۆچىنچى ئورۇنغا تېزىش، نائىپ ئەمىرنى سەپنىڭ ئوتتۇرىغا تىزىش ئەمىر ۋە نائىب ئەمىرنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈندۇر.

قەنناسچى سەككىزىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئۇ ئەتراپنى كۆزىتىپ مېڭىشى، ئەمىرنىمۇ كۆزىتىپ مېڭىشى ۋە ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇن كۆرۈپ مېڭىشى كېرەك.

قەنناس ياردەمچىسى توققۇزىنچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى باشقا ياردەمچىلەرگە ئوخشاش.

ئونىنچى بولۇپ ماڭىدىغان شەخىس ئاپتۇماتتىن باشقا قورال ئالمايدۇ. بۇكىشى جىسمانى جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى، بىر ياقتىن ئارقا تەرەپنى كۆزىتىپ مېڭىشى يەنە بىر ياقتىن ئالدىدىكى ھەممەيلەنگە دىققەت قىلىپ مېڭىشى، سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارغا، يارىدارلارغا ياردەم بېرىپ مېڭىشى كېرەك. ئارقىدا ماڭغان كىشى چوقۇم يولنى ياخشى بىلىدىغان بولىشى لازىم.

رازۋېدكا گۇرۇپپىسىدىكى پىكا، ئەرپىجى، قەنناسلارچىلار گۇرۇپپىنىڭ مۇداپىئەچىلىرى ھىساپلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار يول يۈرگەندە بولسۇن، توختىغاندا بولسۇن پىكىرلىرى گۇرۇپپىدىكىلەرنى قانداق مۇداپىئە قىلىشتا بولىشى كېرەك.

**رازۋېدكىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**

ئاياغ ئىزىغا دىققەت قىلىپ تەكشۈرۈش، رازۋېدكا قىلغىلى بارغان ئورۇنغا نەرسە-كېرەك، ئەخلەتلەرنى تاشلىماسلىق ۋە ئۇنتۇپ قالماسلىق، كۆرگەن نەرسىلەرنى ئېسىدە ساقلىۋېلىش، بولۇپمۇ ئالاھىدە نەرسىلەرنى ئېسىدە ياخشى ساقلىۋېلىش، شۇ ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك، دەرەخ شاخلىرىنى كەسمەسلىك، ئەگەر ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىلگەن نەرسىلەر بولسا (يەنى كېسىلگەن شاخ ياكى ئەخلەت، تاماكا قالدۇقى) ئىشقىلىپ بىزدىن باشقىلارنىڭ كەلگەنلىكىگە ئائىت نەرسىلەرگە دىققەت قىلىش.

**رازۋېدكىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان 1- مۇھىم قائىدىلەر**

ئەگەر بۇ قائىدىلەرنىڭ بىرى ئورۇندالماي ياكى سۇس قارىلىپ قالسا شۇ سەۋەپتىن قېرىنداشلار يارىدار ياكى شەھىد بولۇپ كېتىشى ياكى رازۋېدكىدا كۆزلىگەن مەقسەتكە ئېرىشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

شۇڭلاشقا بۇ قائىدىلەرنى ياخشى ئۆگىنىۋېلىپ جىھادى پائالىيەتلىرىمىزدە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. بۇ قائىدىلەر تۆۋەندىكىچە:

1-يەر شەكلىگە مۇۋاپىق كىيىنىش ۋە خەتەرلىك جايلارنى بىلىۋېلىش؛

يەر شەكلىگە مۇۋاپىق كىيىنىش دېگىنىمىز- سايلىقتا ساي تۇپرىقىغا ئوخشايدىغان ئەسكىري كىيىم ۋە ماسكا، يېشىللىق جايلادا يېشىل ئەسكىري كىيىم ۋە ماسكا كىيىپ مۇھىتقا ماسلىشىش.

خەتەرلىك جايلارنى بىلىۋېلىش دېگىنىمىز- قايسى جايدىن ماڭساق دۈشمەننىڭ ئوقى بىزگە يېتىپ كېلەلەيدۇ، قايسى جايدىن ماڭساق بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ دېگەنلەرنى بىلىۋېلىش.

بىخەتەر جايدىن مېڭىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ دەپ قارىلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ جان، قان مەسىلىسى، شۇڭا ئاۋۋال چوقۇم قايسى جاي خەتەرلىك، قايسى جاي بىخەتەر، شۇنى ئالدىن تەكشۈرۈپ مېڭىش كېرەك. بۇ مەسئۇللارنىڭ مەسئۇلىيىتى.

2-كۆزىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق جايغا ئورۇنلىشىش.

مەسىلەن: بىز دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن بارساق ياخشى كۆزىتىش ئۈچۈن چوقۇم ئېگىزلەپ كىرىشىمىز كېرەك. ئېگىزلەپ كىرىشتىن بۇرۇن سىرتتا تۇرۇپ دۈشمەننىڭ ئومۇمي ئەھۋالىنى كۆزىتىش كېرەك بولىدۇ، شۇڭا سىرتتا ئۆزىمىزنىڭ كۆزىتىشكە مۇۋاپىق جاي تاپىمىز ( يەنى بىز دۈشمەننى ياخشى كۆزىتەلەيدىغان ئەمما دۈشمەن بىزنى ئاسانلىقچە بايقىيالمايدىغان جاينى تېپىش كېرەك).

3-كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈش.

مۇۋاپىق جاينى تېپىپ بولغاندىن كېيىن ئەمىر، ئىككى رازۋېدچىك ۋە قەنناسچى قاتارلىقلار كۆزىتىدىغان ئورۇنلارنى بۆلۈشۈپ كۆزىتىدۇ. ھەممىسى ئۆزى مەسئۇل بولغان نوقتىنى ئۇزاق كۆزىتىدۇ. يەنى دۈشمەننىڭ قايسى مۇداپىئەسى كۈچلۈك، قايسى مۇداپىئەدە قايسى قورال بار، قايسى يولدىن كىرىپ قايسى يولدىن چېكىنىپ چىقسا مۇۋاپىق.......قاتارلىق مەلۇماتلارنى دەقىق ئىگەللەيدۇ.

كۆزەتكەندە رەسىمدىكىدەك نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك!




بىز بۇ دۆڭدە بولساق، رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك توغرا بەلگە قويۇلغان ئورۇندىن كۆزىتىمىز، خاتا بەلگە قويۇلغان ئورۇندىن كۆزىتىشكە بولمايدۇ.

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوتتۇرىنى يېرىپ كۆزىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنداق كۆزەتسەك ئوت-چۆپلەر مىدىرلاپ دۈشمەن سىزىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۈستىدىن قاراشقىمۇ بولمايدۇ، تاشنىڭ ئۈستىدىن بېشىمىزنى چىقىرىپ كۆزىتىشكىمۇ بولمايدۇ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياكى كەينىدە ئۆرە تۇرۇپ كۆزىتىشكىمۇ بولمايدۇ.

كۆزىتىۋاتقاندا تېز ھەرىكەت قىلىشقا ۋە ئۇياق-بۇياققا تېز قاراشقىمۇ بولمايدۇ. بىزنى كۆزىتىپ تۇرغانلار بولسا بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاستا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

ناۋادا بىز باشقا جايدا تۇرۇپ بۇ دۆڭنى كۆزەتمەكچى بولساق، باشقا ئورۇنلارغا قاراپ ئاۋارە بولماي، بىز شۇ دۆڭدە بولغان بولساق قەيەردە تۇراتتۇق، قەيەرگە مۇداپىئە ياسايتتۇق، قەيەردە تۇرۇپ كۆزىتەتتۇق دەپ ئويلاپ تۇرۇپ كۆزىتىمىز. مەسىلەن: ئۆسۈملۈك، تاش، دەرەخ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاستى تەرەپلىرىگە قارايمىز، شۇ نەرسىلەر مىدىرلاۋاتامدۇ-يوق، شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىز.




بۇ يەرنى كۆزەتكەندە قەنناسچى ئوت-چۆپ ئۆسۈملۈكنى، ئەمىر تاشنى، ئىككى رازۋېدچىك دەرەخنى بۆلۈشۋېلىپ كۆزىتىشى، بەلگىلەنگەن بىر ئورۇننى ئۇزاق كۆزىتىشى كېرەك. ئەگەر ئۆسۈملۈكنى كۆزەتكەن بولساق شۇنىڭدىن باشقا ياققا قارىماي سىجىل كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭ كەينىدە دۈشمەن بولسا، دۈشمەن كۆزىتىپ ھېرىپ ئۇياق-بۇياققا قارىشى ياكى مېڭىشى مۇمكىن، شۇ ۋاقىتتا دۈشمەن بارلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇڭلاشقا بىز كۆزەتكەندە ئاستا ھەرىكەت قىلىپ ئامال بار مىدىرلىماسلىقىمىز كېرەك.

4-مۇداپىئەگە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش.

ئالدىدا سۆزلەنگەن ئۈچ قائىدە بويىچە ئىش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رازۋېدكىچىلار تېخىمۇ ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىچىگە كىرىشنىڭ ئالدىدا چوقۇم مۇداپىئەگە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مۇداپىئەدىكىلەر رازۋېدكىچىلارنىمۇ، دۈشمەننىمۇ كۆرۈپ تۇرالايدىغان، ئۆز-ئارامۇ كۆرۈشۈپ تۇرۇشالايدىغان، قوراللىرى دۈشمەنگە ياخشى زەربە بېرەلەيدىغان ئورۇنغا جايلاشتۇرۇلىشى لازىم. مەسىلەن: مۇداپىئەگە RPG، پىكا، قەنناس ئورۇنلاشتۇرغان بولساق دۈشمەن بىلەن بولغان مۇساپە 300 مېتىردىن ئېشىپ كەتمىسە ياخشى، بولمىسا RPG ياخشى ئىشلىمەيدۇ.

ناۋادا ئىچىگە كىرگەنلەرنى دۈشمەنلەر سېزىپ قالغۇدەك بولسا، مۇداپىئەدىكىلەر ئوق ئېتىپ ھىمايە قىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىچىدىكىلەر بىخەتەر چېكىنىۋالىدۇ.

ئەسلەتمە : مۇداپىئەدىكىلەرنى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشى ئانچە زۆرۈر بولمايدىغان، بىخەتەر ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بولمىسا دۈشمەن ئىچىدىكىلەرنى سېزىپ قېلىپ ئوق ئاتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئىچىدىكى مۇشكىلاتقا ئۇچرىغان رازۋېدكىچىلارنى يېتەرلىك مۇداپىئەقىلالماسلىقى مۇمكىن.

مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇشقا چوقۇم بەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

«مۇداپىئە قويماي رازۋېدكىغا كىرىپ، دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالغان ۋە شەھىد بولۇپ كەتكەن مىسالللارمۇ بار».

5-ئىچكىرىلەپ كىرىپ كۆزىتىش.

ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئىككى رازۋېدچىك ئالدىنى كۆزىتىپ ماڭىدۇ. ئەڭ كەينىدىكى كىشى ئارقا تەرەپنى كۆزىتىپ ۋە سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار بار-يوقلىقىغا دىققەت قىلىپ ماڭىدۇ. ئوتتۇرىدىكىلەر ئوڭ-سولنى كۆزىتىپ رازۋېدچىكنى قوغداپ ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن ماسلىشىپ، بىربىرىنى قوغداپ ماڭىدۇ. قايتىپ چىققاندا ياكى دۈشمەن سىزىپ قېلىپ چېكىنىپ چىققاندا، چوقۇم بۇرۇنقى تەرتىپنى ساقلاپ، ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى قوغداپ تەرتىپ بىلەن چېكىنىش كېرەك.

يۇقىرىدا رازۋېدكىغا ماڭغاندا دىققەت قىلىش مۇھىم بولغان قائىدىلەرنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇلارغا ئەمەل قىلىپ الله قا دۇئا قىلىپ ماڭساق، ان شــــاءالله مۇسىبەتنى ئازايتىپ رازۋېدكىنى ئوڭۇشلۇق قىلالايمىز.

ئەگەر سەل قارىساق ياكى سۇسلۇق قىلساق تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن.

مىسال: بىر گۇرۇپپا مۇجاھىد دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان، لېكىن خەتەرلىك ئورۇنلارنى بىلىۋالمىغان، ئالدىن ياخشى كۆزەتمەي ۋە مۇداپىئە قويمايلا ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار خەتەرلىك ئەمەس ئورۇنلاردىنمۇ خەتەرلىك ئورۇندىن ماڭغاندەك مېڭىپ ئۆزىنى چارچىتىۋالىدۇ ياكى رازۋېدكىدىن كېيىن بىرەر ئەمەلىيەت بولۇپ قالسا بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ ۋە ياكى خەتەرلىك ئورۇنلاردىن بىخەتەر ئورۇندا ماڭغاندەك مېڭىپ، دۈشمەن كۆرۈپ قېلىپ ئوققا تۇتسا، كىرىشتىن بۇرۇن قايسى يولدىن كىرىپ قايسى يولدىن چېكىنىشنى كۆرۈۋالمىغانلىقى ئۈچۈن تېڭىرقاپ قالىدۇ. مۇداپىئەگە ئادەم قويمىغانلىقى ئۈچۈن شەھىد، يارىدار كۆپ، تالاپەت ئېغىر بولۇپلا قالماستىن بەلكى رازۋېدكا مەقسىتىگىمۇ يېتەلمەي قېلىشى مۇمكىن.

يەنە بىرگۇرۇپپا مۇجاھىدلار رازۋېدكىغا ماڭغان، بۇلار مۇھىم قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، رازۋېدكىنىڭ يوشۇرۇن بولىشىغا دىققەت قىلغان ۋە يەر شارائىتى بىلەن ياخشى

تونىشۋالغان (يەنى كىرىپ چىقىدىغان يوللىرىنى ۋە شۇ يەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ياخشى كۆزەتكەن) بولسا شۇ سەۋەپتىن ئۇلار دۈشمەنگە سەزدۈرۈپ قويماي ۋەزىپىنى بىخەتەر ئورۇندىيالىشى ۋە باشقا ئەمەلىيەت بولۇپ قالسىمۇ بەرداشلىق بىرەلىشى مۇمكىن. ئەگەر دۈشمەن سىزىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇلار كىرىشتىن بۇرۇن ھەممە قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ (سەۋەپلەرنى ياخشى تۇتۇپ)، مۇداپىئەگە ئادەم قويغان ۋە كىرىپ چىقىدىغان يوللىرىنى ياخشى كۆرىۋالغان بولغاچقا مۇداپىئەچىلەر دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ ھىمايە قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھۇدۇقماستىن چېكىنىش يولىنى توغرا تېپىپ، بىختەر چېكىنىپ چىقىپ كىتەلەيدۇ. ان شاءالله

ئۈستىدىكى قائىدىلەر رازۋېتكىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرى.

مۇشۇ سەۋەپلەرنىڭ ھەممىنى تۇتۇپ تۇرۇپمۇ يەنە مۇسىبەت كەلگەن بولسا، بۇ اللەنىڭ ئىمتىھانى. الله تائالا «ئېھتىياتىڭلارنى تۇتۇڭلار» دىدى، بىز شۇنداق قىلدۇق ان شـــاءالله ئەجرىنى ئالىمىز. لېكىن سۇسلۇق قىلساق قىيامەتتە بۇنىڭدىن سورۇلۇپ قالىمىز. مۇسۇلمانىنىڭ قېنىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئويغانغان مۇجاھىدلارنىڭ سانى ئاز بولغان كۈندە، ئۇلارنىڭ قېنىنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭ! بىر بالا تۇغۇلۇپ، ھەقنى چۈشۈنۈپ، قولىغا قورال ئالغۇدەك بولىشى ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتەر........؟

**رازۋېدكىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان 2. مۇھىم قائىدىلەر**

بىخەتەربولۇش ۋە يوشۇرۇن بولۇش.

رازۋېدكىدىكى بىخەتەر بولۇش دېگىنىمىز—— جاپا-مۇشەققىتى كۆپ، ۋاقتى ئۇزۇن، مۇساپىسى يىراق، كۆپ سەبىر تەلەپ قىلىدىغان بولسىمۇ، ئامال بار چوقۇم بىخەتەر لىنىيەنى تاللاش، يەڭگىلتەكلىك ياكى قارغۇلارچە قەھرىمانلىققا ئىشىنىپ خەتەرلىك بولسىمۇ ئاسان، يېقىن لىنىيەنى تاللىماسلىق دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىشقا كىرىشتە ئىككى يول بار. بىرى ئاسان، بۇيولدىن ماڭساق تېزكىرىپ چىقالايمىز، كىرىپ چىقىشتا دۈشمەن كۆرۈپ قالماسلىقىمۇ مۇمكىن، ئەگەر كۆرۈپ قالسا، بۇيولغا دۈشمەن تەرەپ-تەرەپتىن ياخشى ئوق ئاتالايدۇ. يەنە بىر يول بار مۇساپىسى يىراق، كىرىپ چىقىشقا ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ يولدىن ماڭساق دۈشمەن كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ ئوقى يەتمەيدۇ، ياكى مۇداپىئەلىنىدىغان يەرلىرى كۆپ، (يەنى ھېلىقى ئاسان يولغا قارىغاندا بىخەتەر) بىزگە بۇنداق تاللاش كېلىپ قالسا، گەرچە خەتەرلىك يولدا دۈشمەنىنىڭ بىزنى كۆرۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ چوقۇم بىخەتەر يولنى تاللىشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ «بۈگۈن چارچاپ كەتتۇق، تېز كىرىپ تېز چىقايلى، ئالدىنقى نۆۋەت ماڭغاندىمۇ كۆرمىگەنتى، نىمانچە قورقىمىز، اللەقا تەۋەككۇل قىلىپ ماڭايلى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئاسان يولنى تاللىماسلىقىمىز لازىم.

**مۇسۇلمان ئۇستازنىڭ مۇشۇ ھەققە قىلغان نەسىھىتى:** ئەگەر مۇشۇنداق تاللاشلارغا توغرا كېلىپ قالساڭلار، تەس بولسىمۇ بىخەتەر يولنى تاللاڭلار، ئەگەر مەسئۇللار ياكى باشقا «شىجائەتلىك » بۇرادەرلەر تەرىپىدىن «خەتەرلىك بولسىمۇ الله قا تەۋەككۇل قىلىپ مۇشۇ يولدىن ماڭىمىز» دېگەندەك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلسىمۇ بۇنىڭغا يول قويماڭلار، سەۋەبىنى تۇتمايلا تەۋەككۇل قىلىمىز دەپ كىرىپ، كېيىن قېچىپ چىقىدىغان ئىشلار بولىدۇ، چۈنكى قەلبلەر اللەنىڭ قولىدا، سەۋەبنى تولۇق تۇتمىغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن الله خالىسا قورقۇنچ سېلىپ قويىشى مۇمكىن. ئەگەربىز سەۋەپلەرنى قولىمىزدىن كېلىشىچە تۇتۇپ ئاندىن اللەقا تەۋەككۇل قىلساق الله قەلبلىرىمىزدىكى قورقۇنچنى كۆتۈرىۋېتىدۇ، قەدەملىرىمىزنى سابىت قىلىدۇ. ان شاءالله

(ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىدى).

بۇ دېگەنلىك ـ «خەتەرلىك بولسا رازۋېدكىنى ۋە باشقا ئەمەلىيەتلەرنى قىلمايمىز» دېگەنلىك ئەمەس. بۇ يەردىكى نېگىزلىك مەسىلە شۇكى ـ ئەڭ زور تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ، قانداقلا بولمىسۇن بىخەتەر لىنىيەنى تاللاپ ئادەم ۋە ماددى چىقىمنى ئەڭ زور ئىمكانىيەتتە ئازايتىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىرلا يول بولۇپ، پەقەت شۇ يولدىنلا كىرىپ رازۋېدكا قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالساق، بۇ ھالدا قولىمىزدىن كېلىشىچە سەۋەپ تەدبىرلىرىنى تۇتۇپ الله قا تەۋەككۇل قىلىپ ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز.

يوشۇرۇن بولۇش دېگىنىمىز - رازۋېدكىغا ماڭغاندا بىز كىرمەكچى بولغان ئورۇننىڭ تەبئى مۇھىتىغا قاراپ، يەرشەكلىگە ۋە رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇپ كىيىنىش. مەسىلەن:  بېشىمىز، يۈزىمىز، گەۋدە قىسمىمىز، پۈتىمىز ھەتتا جۆبە، سومكىلارنىمۇ مۇھىتقا ماسلاشتۇرىشىمىز كېرەك، ئامال بولسا قورالنىمۇ ماسلاشتۇرۇۋالساق ياخشى.



رەڭگىمىزنىلا ئۆزگەرتمەستىن، دەرەخنىڭ شاخلىرى ياكى ئوت چۆپلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئوراپ بىر قاراپلا ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلمىگىدەك دەرىجىدە جىسمىمىزنىڭ شەكلىنى ھەم ئۆزگەرتىمىز.



ئەسكەرتىش: دەرەخ شاخلىرىنى ئورىغاندا، شاخلارنىڭ ئېگىزلىكىنى بېشىمىزنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

**رازۋېدچىك بولۇشنىڭ شەرتى:**

رازۋېدچىكنىڭ كۆزى ياخشى كۆرۈشى، قۇلىقى ياخشى ئاڭلىشى ۋە بۇرنى سەزگۈر بولۇشى، كۆرگەن نەرسىلىرنى ئەستە ساقلاش قابىلىيتى ئۈستۈن بولۇشى ۋە ئىزنى پەرىقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى (يەنى ئىزغا قاراپ قانچە ئادەم ماڭدى، ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىرمۇ-يەڭگىلمۇ دېگەندەك ئۇچۇرلارنى بىلەلەيدىغان بولۇشى) كېرەك. ئۇندىن باشقا ئەقىللىق، جەسۇر، پىكىرلىك، مىكىرلىك (ھەربى تاكتىكا، جەڭ مىكىرلىرىنى بىلىشى)، چاققان، سەبىرلىك بولۇشى، يەر شارائىتىغا مۇۋاپىق كىيىنگەن بولۇشى لازىم. مانا بۇلار رازۋېدچىكلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق شەرتلەردۇر.

مىسال: بىز رازۋېدكىغا ماڭدۇق، يولدا بىزگە تاماكا، تاماق يەنە باشقا نەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرى كەلدى، بىز بۇنىڭدىن يېقىن ئەتراپتا دۈشمەن بارلىقىنى ياكى بۇيەردىن يېقىندا دۈشمەن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز، ئەگەر بۇرنىمىز سەزگۈر بولمىسا بۇلارنى بىلەلمەيمىز.

بۇشەرتلەر ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكتا بەكرەك تېپىلىشى كېرەك، رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ئارمىيەنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقىنىڭ ئورنىدا تۇرغىنىدەك، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكمۇ رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقى ھېساپلىنىدۇ.

**مۇسلىم ئۇستازنىڭ رازۋېدكىدا ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش، ئادەتتىكى نەرسىلەرگىمۇ سەل قارىماسلىق ۋە خەتەرلىك ئورۇنغا ھەممەيلەن بىراقلا كىرىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا قىلغان سۆزى:**

[مەن رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمىرى بولۇپ، بىر گۇرۇپپا رازۋېدكىغا ماڭدۇق، ئورمانلىقنى تەكشۈرۈپ مېڭىۋاتاتتۇق، تاماكىنىڭ ھىدى كەلدى، بىز ئورمانلىقتا ئوتۇن كەسكىلى كەلگەنلەر ياكى باشقا خەلىقلەر چەككەن تاماكىنىڭ پۇرىقىدۇ دەپ ئويلاپ ئالدىمىزغا مېڭىۋەردۇق، ئەسلى دۈشمەن بىزنى پىستىرمىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ پۇراقمۇ دۈشمەن چەككەن تاماكىدىن كەلگەن ئىكەن. دۈشمەن تۇيۇقسىز بىزنى ئوققا تۇتتى، دۈشمەن بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز قول بومبىسى يەتكۈدەكلا مۇساپە بولۇپ، بىزنىڭ سانىمىز ئون نەچچە، دۈشمەن تەقرىبەن 50 ئەتراپىدا، پىستىرمىغا چۈشكەنلىكىمىزنى بىلگىنىمىزدە سەپلىرىمىز قالايمىقانلىشىپ كەتتى. «ئەگەر پىستىرما بولۇپ قالسا ھەممىمىز چۈشۈپ قالمايلى» دەپ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ يېرىمى ئارقىمىزدا ئارىلىق تاشلاپ قالغان ئىدى، جىددىيچىلىكتە ئۇلارمۇ نىمە قىلارنى بىلەلمەي خەتەرلىك دائىرىگە كىرىپ قاپتۇ. مەن مۇخابىراتتا:- بۇرادەرلەر، ئىلگىرىلەڭلار دۈشمەننى تىرىك تۇتىمىز- دەپ ۋارقىراپ، دۈشمەنگە ئوق ئاتقاچ، بۇرادەرلەرگە چېكىنىشكە ئىشارەت قىلىشقا باشلىدىم. لېكىن بەزى بۇرادەرلەر ئىشارىتىمگە بەك دىققەت قىلمىدى. شۇ ئەسنادا پىكاچى دۈشمەننىڭ قول بومبىسىدا شەھىد بولدى، قەنناسچى يارىدار بولدى، ئارقىمىزدا پىستىرما دائىرىسىگە كىرمەي قالغان ئىككى بۇرادىرىمىز قاپتىكەن، بۇلار دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ ئوق ئاتتى، الله نىڭ دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ سېلىپ بېرىشى، بۇ ئىككى بۇرادەرنىڭ دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ ئوق ئېتىشى سەۋەپلىك، دۈشمەنلەر راستىنلا قورشاۋدا قاپتۇق

دەپ ئويلاپ چىكىندى. بىر بۇرادىرىمىز شەھىد بولۇپ، قالغانلىرىمىز چېكىنىپ چىقتۇق. بىزنىڭ بۇ پىستىرمىغا چۈشۈپ قېلىشىمىزغا تاماكا پۇرىقىغا سەل قارىغانلىقىمىز، ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، جىددى مۇئامىلە قىلمىغانلىقىمىز سەۋەب بولدى. بۇرادەرلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا بولۇپمۇ جەڭ ھالىتىدىكى جىددى ۋاقىتلاردا ئەمرگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. پىستىرمىدىن ئۆز ۋاقتىدا چېكىنىپ چىقىپ كېتەلمەي، بۇرادىرىمىزنىڭ شەھىد بولۇشىغا، نەپەرلەرنىڭ ئىشارىتىمگە دىققەت قىلمىغانلىقى سەۋەب بولدى. خەتەرلىك ۋە گۇمانلىق ئورۇنلاردىن ماڭغاندا ھەممىمىز بىراقلا كىرىپ كەتمەي، ئېھتىيات ئۈچۈن بىرتۈركۈم بۇرادەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك، بۇنداق بولغاندا، ئەگەر دۈشمەنىنىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قالساق، ئارقىمىزدىكى بۇرادەرلەر دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ بىزنى مۇداپىئە قىلىپ بىرەلەيدۇ، ئەگەر ھەممىمىز تەڭلا پىستىرمىغا چۈشسەك، ھەممىمىز ئۆزىمىز بىلەن بولۇپ، باشقىلارنى مۇداپىئە قىلالمايمىز.] (ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىدى)

ئەسكەرتىش: بۇ پۇراش قابىلىيىتىدىن بىز پايدىلانغاندەك دۈشمەن ھەم پايدىلىنىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن رازۋېدچىكلار رازۋېدكىغا ماڭغاندا، ئەتىر دېگەندەك پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىكى ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

رازۋېدچىك (بەلكى ھەربىر مۇجاھىد) ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى ياخشى چۈشىنىشى كېرەك. دۈشمەن قانداق مۇداپىئەلىنىدۇ، مۇداپىئەنى نېمىدىن ياسايدۇ، قانداق ئورۇنلارغا ياسايدۇ، دۈشمەنىنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسلۇبى قانداق، قانچىلىك ئىش قىلالايدۇ، بىزدىن ئۈستۈن تەرەپلىرى ياكى ئاجىز تەرەپلىرى قايسى دېگەندەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگەللەشكە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئەقىل ئىشلىتىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

مەسىلەن: دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەنى قانداق ئورۇنغا، قانداق ياسايدىغانلىقىنى بىلىۋالساق، دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەلىرىنى تېپىشتا قىينالمايمىز، دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئۇسلۇبىنى بىلىۋالساق، دۈشمەن ئىلگىرىلەپ چىققاندا شۇنىڭغا قارشى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنالايمىز.

دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەنى قانداق ئورۇنلارغا ياسايدىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيمىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن «ئەگەر دۈشمەن تۇرغان ئورۇندا مەن بولغان بولسام مۇداپىئەنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇراتتىم، قەيەردە تۇرسام دۈشمەنىنىڭ كەلگىنىنى ياخشى كۆزىتەلەيتتىم دەپ پىكىرقىلىپ بىلەلەيمىز» ياكى فەتھ بولغان ئورۇنلاردىكى دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەلىرىنى تەتقىق قىلىمىز. بۇ كاپىرلار مۇشۇنداق يەرلەردە تۇرۇۋېتىكەن-دە دەپ قاراپلا قويماي، شۇ مۇداپىئەلەردە تۇرۇپ كۆزىتىپ باقىمىز، يەنى «دۈشمەن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە مۇداپىئە ياسىغاندۇ؟ نىمىشقا بۇنداق ياسىغاندۇ؟» دەپ ئەقىل يۈرگۈزسەك، دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەنى قانداق ئورۇنلارغا ياسايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم بولىدۇ.

مۇئمىن ئەقىللىق بولىدۇ، دۈشمەن ھەققىدە پىكىر قىلىشنى رازۋېدچىكقىلا باغلاپ قويماي ئۆزىمىز ھەم بۇ ھەقتە پىكىر قىلىپ دۈشمەنىنىڭ ئاجىزلىقىنى تېپىشىمىز ۋە دۈشمەنگە مىكىر

قىلىپ ئۆيلىمىغان يەرلەردىن ھۇجۇم قىلىشىمىز، دۈشمەننىڭ ھەم ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماي ئىنساننىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ئويلاپ پىكىر قىلىپ شۇنىڭغا قارشى تەدبىر پىلانلىشىمىز كېرەك.

مەسىلەن: بىز كېچىدە رىباتتا تۇرىۋاتىمىز، بەش-ئون مېتىر ئارىلىقنىمۇ ياخشى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئالدىمىزدىن شەپە چىقىۋاتىدۇ، دۈشمەن چىقتىمۇ ياكى ھايۋان ماڭدىمۇ بىلەلمىدۇق. مۇداپىئەدىن چىقىپ ئالدىغا بېرىپ كۆزىتەيلى دېسەك، ئەگەر دۈشمەن بولۇپ قالسا خەتەرلىك، بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويغىتايلى دېسەك، دۈشمەن بولماي ھايۋان بولۇپ قالسا ئۇلارنى بىكار ئاۋارە قىلىمىز، بۇئەھۋالدا قانداق قىلىمىز؟ شەپە چىققان تەرەپكە مۇداپىئەيىمىزدە تۇرۇپ تاش ئېتىپ باقىمىز ياكى قورالنىڭ قۇلۇپىنى قەستەن ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىپ باقىمىز ۋە ياكى قۇرغۇنى تارتىپ ئاۋاز چىقىرىمىز، دۈشمەن بار-يوقلىقى تېزلا ئاشكارە بولىدۇ.

ئويلاپ باقايلى! ئەگەر بىز دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسىگە كېچىدە يېقىنلاشساق، دۈشمەن تەرەپتىن بىزتەرەپكە تاش ئېتىلسا بىز نېمە دەپ ئويلايمىز؟ ئەگەر قورالنىڭ قۇلۇپى ئېچىلسا ياكى قۇرۇلسا بىز قانداق قىلارمىز؟ دەرۋەقە دۈشمەن بىزنى كۆرۈپ قاپتۇ دەپ ئوق چىقىرىۋېتىشىمىز مۇمكىن. بىز نىڭ خىيالىمىزغا كەلگەن شۇ تۇيغۇ، قورقۇنچلار دۈشمەندىمۇ بولىدۇ. ئەگەر راستىنلا دۈشمەن ئىلگىرىلەپ چىققان بولسا، بىز يۇقۇرىدىكىدەك قىلساق، دۈشمەن ئوق چىقىرىدۇ، بىزمۇ شۇنىڭغا قارىتا ئىش قىلىمىز. ئەگەر دۈشمەن بولمىسا خاتىرجەم ئولتۇرىمىز، بۇ ھەممەيلەن بىلىدىغان ئاددى بىر كىچىك ھىيلىنىڭ مىسالى. مۇشۇ كىچىك ھىلىنى ئىشلەتمىسەك، ئالدىمىزدىكى ھايۋان بولۇپ قالسا بىكاردىن ئەندىشە قىلىپ دۈشمەن قاچان چىقىپ قالار دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرىمىز ياكى بۇرادەرلەرنى ئويغۇتۇپ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىمىز. ئەگەردە ئالدىمىزدىكى دۈشمەن بولۇپ قالسا، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي مۇداپىئەيىمىزدە ئولتۇرىۋەرسەك بۇ خەتەرلىك، ئەگەر بىزنى شەھىد قىلىۋەتسە بۇرادەرلەر ئويغۇنۇپ چىقىپ بولغىچە مۇداپىئەنى دۈشمەن ئىگەللەپ بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مۇداپىئەدىن چىقىپ ئالدىغا بېرىپ كۆزىتىپ باقايلى دېسەك تېخىمۇ خەتەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جىھاد ئىبادىتىنى دۈشمەنگە قارشى ھىيلە-تاكتىكىلارنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ ئاداقىلساق ان شاءالله ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. دۈشمەن ھەم بىزگە ئوخشاش ئىنسان، بىز پەقەت مۇسۇلمان ياكى كاپىر دەپلا پەرىقلىنىمىز، دۈشمەننىڭ ھەم ئىنسان بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنگە قارشى ھىيلە، جەڭ تاكتىكىلىرنى ئويلاپ چىقساق بولىدۇ.

**رازۋېدچىكقا كېرەكلىك نەرسىلەر:**

1-ئاپتۇمات ئوقىدىن ئاز بولغاندا 400 پاي، نورمالدا 500 پاي.

2-قول بومبىسى ئاز بولغاندا 3 تال.

3-ئەسكىري سىم، چىداملىق يىپ، ئەسكىرى پىچاق، سۇ، يەڭگىل يىمەكلىك.

4-دۇربۇن (كېچىلىك، كۈندۈزلۈك، مۇساپە) قوشۇمچە كامېرا بولسا تېخىمۇ ياخشى.

5-دوختۇرلۇق ئەسۋاپلىرى.

GPS-6، كومپاس، ئەسكىرى خەرىتە، خاتىرە، قەلەم، سىزغۇچ ، ھىساپلىغۇچ.

**رازۋېدچىكنىڭ ۋەزىپىسى:**

دۈشمەننىڭ سانى، مەقستى، قوراللىرىنىڭ سانى، تۈرلىرى ۋە ھەرقايسى قوراللىرىنىڭ ئورنى، قانداق قوشۇن ئىكەنلىكى، كونا-يېڭىلىقى، دۈشمەننىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ قانداقلىقى، ئاجىز ۋە كۈچلۈك جايلىرى قاتارلىقلارنى بىلىش.

ئەسكەرتىش: رازۋېدچىك ئىگەللىگەن مەلۇمات جەڭدىكى يېرىم غەلبە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رازۋېدچىك ئىگەللىگەن مەلۇمات توغرا، ئېنىق ۋە يېڭى بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

**يول يۈرۈش بىخەتەرلىك قائىدىلىرى:**

يول يۈرگەندە تەس بولسىمۇ، ۋاقت كۆپ كەتسىمۇ، ئامال بار باشقىلار ماڭمايدىغان يوشۇرۇن يوللاردىن مېڭىشىمىز ۋە ھەر ۋاقت بىر يولدىنلا ماڭماي، بارغاندا بىر يولدىن، قايتقاندا يەنە بىر يولدىن مېڭىشىمىز، بۇ يولنى بۇرۇن ماڭغاندا تەكشۈرۈپ بولغان دېمەستىن بارغاندا بولسۇن، قايتقاندا بولسۇن ياخشى تەكشۈرۈپ مېڭىشىمىز كېرەك. بارغاندا كۆپىنچىمىز يولنى تەكشۈرۈپ ئېھتىيات قىلىپ ماڭىمىز، لېكىن قايتقاندا چارچايمىز، تېز قايتقۇمىز كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەكشۈرمەيلا تېز-تېز قايتىمىز. بىرىنۋاتقاندا بىزنى پىستىرما قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن دۈشمەن، قايتقاندا پىستىرما قىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن قايتقاندىمۇ ئېھتىيات بىلەن مېڭىشىمىز، نەچچە قېتىم ماڭغان يول بولسىمۇ ھامان تەكشۈرۈپ مېڭىشىمىز كېرەك.

قىستۇرما: بىز دۈشمەننى پىستىرما قىلماقچى بولساق، دۈشمەننىڭ قايتىش يولىغا قىلساق ياخشى بولىشى مۇمكىن، چۈنكى ھەرقانداق ئادەم دۈشمەن تەرەپكە ماڭغاندا تەييار ھالەتتە ئېھتىيات قىلىپ، قەيەردە پىستىرما باردۇ-دەپ دىققەت بىلەن ماڭىدۇ، لېكىن قايتقاندا چارچايدۇ ۋە بىخۇدلىشىدۇ، چۈنكى بۇ بۇرۇن بىخەتەر ماڭغان يول.

خەتەرلىك ئورۇنلاردىن ماڭغاندا ئارىلىق ساقلايمىز، قايسى تەرەپ دۈشمەن چىقىپ قالسا مۇداپىئە لىنىشكە قۇلايلىق بولسا ۋە بىخەتەر بولسا شۇ تەرەپتىن ماڭىمىز، قورالنى ھەرۋاقىت تەييار ھالەتتە تۇتىمىز.

يول يۈرگەندە ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك ئالدىدا كۆزىتىپ ماڭىدۇ، قالغانلار يولنىڭ بىخەتەر تەرىپىدىن (يەنى تۇيۇقسىز دۈشمەن چىقىپ قالسا مۇداپىئەلەنگۈدەك تەرەپتىن) ئارىلىق تاشلاپ ماڭىدۇ، يولنىڭ ئوتتۇرىدىن مېڭىشقا بولمايدۇ.

تاسادىپەن ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان ھەممەيلەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ ئوق چىققان ئورۇننى كۆزىتىشى، مۇداپىئەگە ئورۇنلاشقاندا ئىككى-ئىككىدىن ئورۇنلىششى كېرەك، ياردەمچىلەر ئۆزى ياردەمچى بولغان كىشىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىرەر كىشى يارىدار بولۇپ قالسا ماڭالىغۇدەك ھالى بار ۋاقىتتا باشقا بۇرادەرلەرنىڭ كېلىپ ئېلىپ كېتىشىگە قارىماي، بىخەتەر ئورۇنغا ئۆزى چېكىنىشى كېرەك. چۈنكى بىلەكلىرىگە ئوق تەككەن يەڭگىل يارىدارلارمۇ ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ھالسىزلىنىپ كېتىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا باشقا بۇرادەرلەرنىڭ خەتەرلىك ئورۇنغا بېرىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىشى تەس بولۇپ قالىدۇ.

**ئايلانما يولدىن يۈرۈش**

ئايلانما يولدىن ماڭغاندا ئايلانما يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە دۈشمەن بار-يوقلىقىنى بىلەلمىسەك، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك بېرىپ كۆزىتىدۇ. قالغانلار سەل ئارىلىق تاشلاپ تۇرۇپ، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك كۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قالغانلار ماڭىدۇ. ئايلانما يولنى كۆزەتكەندە بىرىنچى رازۋېدچىك ھەر ۋاقىت ئايلانما يولنىڭ مۇشۇ رەسىمدىكىدەك تەرىپىگە ئۆتۈپ ئاۋاز چىقارماي ئاستا-ئاستا، تەدرىجى كۆزىتىدۇ. (يەنى ئەگەر دۈشمەن بولۇپ قالسا كۆرۈپ قالمىغۇدەك ھالەتتە، ئاستا-ئاستا بېشىنى سوزۇپ كۆزىتىدۇ. ئىككىنچى رازۋېدچىك بىرىنچى رازۋېدچىكنى قوغداپ تۇرىدۇ، قەنناس ، پىكا (پىلىموت)، RPG چىلار ئىككى رازۋېدچىكنى قوغدايدۇ).




ئەگەر يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە دۈشمەن بولۇپ، رازۋېدچىكلارنى كۆرۈپ قېلىپ ئوق ئاتسا ياكى رازۋېدچىكلار دۈشمەننى كۆرۈپ قالسا، بىر-بىرىنى قوغدىغان ھالەتتە تەرتىپ بىلەن چېكىنىدۇ.

چېكىنىش تەرتىپى- دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن ئادەم بۇرۇن چېكىنىدۇ، باشقىلار ئۇنى قوغداپ تۇرىدۇ، ھەممەيلەن شۇ تەرتىپ بويىچە بىر-بىرىنى قوغداپ چېكىنىدۇ.

**دۆڭ بار يوللاردىن يۈرۈش**

يول يۈرۈش جەريانىدا ئالدىمىزدا ئېگىزلىك ياكى دۆڭگە دۇچ كەلسەك 4 ـ 5 مېتىردىن ئارىلىق ساقلاپ ماڭىمىز. دۆڭگە چىقماي ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان يول بولسا، ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىمىز. ئۇنداق يول بولمىسا، بىخەتەرلىك قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسىگە رىئايە قىلغان ھالەتتە پىكا، قەنناسچىلارنى دۆڭگە قارىتىپ مۇداپىئەگە قويۇپ، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكنى ئەۋەتىمىز. بۇ ئىككەيلەن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كۆزىتىپ مېڭىپ دۆڭگە چىقىدۇ، بىخەتەر بولسا ھەممىمىز تەرتىپ بويىچە ماڭىمىز.

ئەسكەرتىش: ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك دۆڭگە يېقىنلاشقىچە كۆزىتىپ ماڭىدۇ. يېقىنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، تېز دۆڭگە چىقىۋالىدۇ، قانچە تېز چىقىۋالساق شۇنچە ياخشى. چۈنكى دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە دۈشمەن بولۇپ دۆڭگە بىزدىن بۇرۇن چىقىۋالسا خەتەرلىك.




ئەگەر رازۋېدچىكلاردىن بۇرۇن دۈشمەن بۇ دۆڭگە چىقىپ قالسا، مۇداپىئەدىكىلەر ئوق ئېتىپ بېرىدۇ، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك چېكىنىپ بولغاندىن كېيىن، باشقىلارمۇ تەرتىپ بويىچە چېكىنىدۇ.

تاغ ئارىلىقىدىكى يولدىن ياكى جىرادىن ئۆتۈش



بىز بۇ يولدىن ئۆتمەكچى، لېكىن تاغلاردا دۈشمەن بار-يوقلىقىنى بىلمەيمىز. بۇ ئەھۋالدا بىز تاغنى كۆزىتىشكە ئادەم چىقىرىمىز. ئادەمنى سانىمىزنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە ۋە تاغنىڭ شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەيمىز. مەسىلەن: سانىمىز كۆپ بولسا ۋە ئىككىلى تاغقا چىقىش ئىمكانىيىتى بولسا (يەنى تاغ چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېگىز بولمىسا) ئىككىلى تاغقا ئادەم چىقىرىمىز. بىر تاغدىكىلەر يەنە بىر تاغدىكىلەرنىڭ كۆزىتەلمىگەن يەرلىرىنى كۆزىتىپ ۋە ئۆز-ئارا مۇھاپىزەت قىلىشىپ ماڭىدۇ. يولدىكىلەر يولنىڭ قايسى تەرەپتە مۇداپىئەلەنگۈدەك يەر بولسا، شۇ تەرەپتە ئارىلىق تاشلاپ ماڭىدۇ ياكى گۇمانلىق تاغقا يېقىن ماڭىدۇ. ئەگەر تاغنىڭ بىرسىگە چىقىشقا ئىمكانىيەت بولمىسا، يەنە بىرسىگە ئىككى رازۋېدچىكنى چىقىرىمىز. بۇلار ئۆزى چىققان تاغنى ۋە يەنە بىر تاغنى كۆزىتەلىگىنىچە كۆزىتىپ ماڭىدۇ. يولدىكىلەر ئارىلىق تاشلاپ رازۋېدچىكلار چىقالمىغان تىك تاغقا يېقىن ماڭىدۇ.

**ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتۈش**

بىز بۇ ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتمەكچى، لېكىن ئالدىمىزدا دۈشمەن بار-يوقلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھالەتتە، بۇرۇن ئۆگەنگەن بىخەتەرلىك قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلغان ھالەتتە، خەتەرلىك ئورۇنلارنى بىلىۋالىمىز، كۆزىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇنغا ئورۇنلىشىمىز. ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك، ئەمىر، قەنناسچىلار خەتەرلىك ئورۇنلارنى بۆلۈشۈپ كۆزىتىدۇ.




ياخشى كۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن، دۈشمەنىنىڭ يوقلىقىغا جەزىم قىلساق، بۇرۇنقى تەرتىپ بويىچە ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك ئالدىدا كۆزىتىپ ماڭىدۇ، قالغانلار كەينىدە ئارىلىق تاشلاپ ماڭىدۇ.

ئەگەر كۆزىتىپمۇ بۇ يەردە دۈشمەن بار-يوقلىقىنى بىلەلمىسەك، مۇداپىئەلەرگە ئادەم قويۇپ، ئىككى رازۋېدچىكنى ئەۋەتىمىز، ئوچۇقچىلىق 150مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ قالسا (يەنى 400 ياكى 500 مېتىر بولۇپ قالسا) رازۋېدچىكلارغا ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم قوشۇپ ئەۋەتىمىز، مۇداپىئەدە تۇرغانلار چوقۇم رازۋېدچىكلارنى كۆرۈپ تۇرالىشى كېرەك.



رازۋېدچىكلار بىرىپ كۆزىتىپ بىخەتەرلىكنى بىلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى رازۋېدچىك ئەمرگە شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق خەۋەر قىلىدۇ. (ئىككىنچى رازۋېدچىكنىڭ بىرىنچى رازۋېدچىكنى قوغداش، ئەمرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىرىنچى رازۋېدچىكقا يەتكۈزۈش ۋە بىرىنچى رازۋېدچىكنىڭ خەۋەرلىرىنى ئەمرگە يەتكۈزۈش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى بار) شۇڭلاشقا ھەر ۋاقىت ئىككىنچى رازۋېدچىك ئەمرنى كۆرۈپ تۇرالىشى كېرەك. ئارىلىق ئۈزىراپ كېتىپ ياكى بىرەر توسالغۇ سەۋەپلىك ئەمرنى كۆرەلمىسە، ئەمرگە ئەھۋالنى ئېيتىدۇ، ئەمر ئارىلىققا، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكنى ۋە ئەمرنى كۆرۈپ تۇرالايدىغان ئورۇنغا بىر ئادەم قويىشى كېرەك.

ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك ئالدى تەرەپنىڭ بىخەتەرلىكنى ئەمرگە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك بەك ئېچكىرىلەپمۇ كەتمەيدۇ بەك ئوچۇقچىلىقتىمۇ تۇرۇۋالمايدۇ. قالغانلار ئىككى-ئىككىدىن كېلىدۇ. ئاۋۋال ماڭغان ئىككى ئادەم ئىككى رازۋېدچىكنىڭ ئورنىغا كېلىدۇ. ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك يەنە سەل ئالدىغا ئىلگىرىلەيدۇ. كېيىن كەلگەنلەر بۇرۇن كەلگەنلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدۇ. بۇرۇن كەلگەنلەر ئالدىغا ئاستا ئىلگىرىلەيدۇ، شۇ ئۇسۇلدا ئوچۇقچىلىقتىن ھەممەيلەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋالقى تەرتىپ بويىچە يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەگەر ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىك، ئەمر ۋە قەنناسچىلار كۆزىتىپ، دۈشمەن بارلىقىغا جەزىم قىلسا، دۈشمەننىڭ خەتەرلىك جايلىرىدىن يىراقلىشىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىش كېرەك.

**يولدىن كېسىپ ئۆتۈش**

بىز دۈشمەن دائىرىسىدىكى يولدىن ئۆتمەكچى بولساق، سانىمىزنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە، دۈشمەننىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىدىغانلىقى ۋە دۈشمەن بازىسىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىگە قاراپ ئىش كۆرىمىز. سانىمىز 10دىن 20 گىچە بولۇپ، دۈشمەن بىر تەرەپتىنلا كەلسە ۋە يول تۈز بولسا، ( يەنى دۈشمەننىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولسا) 50 مېتىر يىراقلىققا RPG، پىكاچىلارنى ئەۋەتىمىز. ئاندىن ئىككى رازۋېدچىك ئاۋۋال ئۆتۈپ، ئەتراپىنى بىر كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن، قالغانلارمۇ بىر- بىرلەپ تېز ئۆتىدۇ، كېيىن ئۆتكەنلەر ئاۋۋال ئۆتكەنلەرنىڭ ئورنىغا كېلىدۇ، ئاۋۋال ئۆتكەنلەر، ئازراق ئالدىغا ئىلگىرىلەپ ئەتراپنى كۆزىتىپ ئولتۇرىدۇ. ھەممەيلەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇ تەرەپتىن يولنى كۆزىتىپ بېرىدۇ، مۇداپىئەدە تۇرغانلار ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتىدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ سانىمىز كۆپ بولسا ( مەسىلەن: 35 ، 40 ،50، 70، 100 ) ۋە يولنىڭ ئىككىلى تەرىپىدىن دۈشمەن كېلىش ئېھتىماللىقى بولسا، ھەمدە يول تۈز بولمىسا ( يەنى دۈشمەننىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمىسا) يولنىڭ ئىككىلى تەرىپىگە كۈچلۈك

مۇداپىئە قويىمىز، يولنىڭ دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشتىن توسۇپ قويىدىغان ئايلانمىسى بولسا، مۇداپىئەچىلەرنى يىراقنى كۆرۈپ تۇرالايدىغان ئورۇنغا قويىمىز، مۇداپىئەنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى رازۋېدچىك ئۆتۈپ ئەتراپنى بىر كۆزىتىۋەتكەندىن كېيىن، قالغانلار ئىككىدىن، ئۈچتىن تېز ئۆتىدۇ، بۇرۇنقى تەرتىپكە ئوخشاش كېيىن ئۆتكەنلەر بۇرۇنقىلارنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدۇ.

ئەگەر ئۆتۈش جەريانىدا دۈشمەن كېلىپ قالسا مۇداپىئەچىلەر ئورنىنى ئاشكارلىماي ( يەنى جەڭدە ئاتقاندەك سىرىپ ئاتماي ) پات-پات ئېتىپ قويۇپ توسۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى دۈشمەن ئالدىدا ئوق چىقسا پىستىرمىغا چۈشكەن ئوخشايمىز دەپ ماڭالمايدۇ، چۈنكى ئوقنىڭ قەيەردىن چىققانلىقىنى ئېنىقلاپ، ئۆزىنىڭ پىستىرمىغا چۈشمىگەنلىكىنى ۋە بىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ دۈشمەن ئالدىغا ماڭمايدۇ، بىز بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆتۈپ كېتىمىز ياكى چېكىنىمىز. مەسىلەن: سانىمىز ئاز، يەر شارائىتى يۇشۇرۇنۇشقا ئەپلىك ۋە يولدىن ئۆتۈش مۇھىم بولسا، مۇداپىئەچىلەر توسۇپ تۇرغاندا ئۆتۈپ كېتىمىز. ئەگەر سانىمىز كۆپ، يەر شارائىتى يۇشۇرۇنۇشقا ئەپسىز بولسا، يېنىپ كېتىپ باشقا ۋاقىتنى تاللاپ ئۆتىمىز، بۇنى ئەھۋالغا قاراپ ئەمىر ئۆزى بەلگىلەيدۇ.




يول ئەگرى، دۈشمەن ئىككى تەرەپتىن كېلىدۇ.
مۇداپىئەچىلەر
ئىككى رازۋېدچىك
مۇداپىئەچىلەر


2 رازۋېدچىك
مىسال دۈشمەن 1تەرەپتىنلا كېلىدۇ
مۇداپىئەچىلەر




**دەريادىن ئۆتۈش**

دەريادىن ئۆتۈش، يولدىن كېسىپ ئۆتۈشكە ئوخشايدۇ.



**دەريا، ئۆستەڭ، كۆل دېگەندەك سۇ بار جايلاردىن ئۆتكەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:**

ئامال بار بۇنداق ئورۇنلارغا يېقىنلاشماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر دەريا دېگەندەك ئورۇنلاردىن ئۆتمەكچى بولساق، ياخشى كۆزىتىپ ئۆتىشىمىز ۋە يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلاشماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر سۇ لازىم بولسا كۆپ ئادەم بارماسلىقىمىزكېرەك. سۇ دۈشمەنگىمۇ، بىزگىمۇ زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇغا كەلگەن دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن ياكى دۈشمەن بىزنى سۇغا كېلىدۇ دەپ پىستىرمىدا تۇرىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇنداق ئورۇنلاردا توپلىشىپ تۇرماسلىقىمىز، ئۆتكەندە ياخشى كۆزىتىپ ئۆتىشىمىز ھەمدە ئۇزاق تۇرماسلىقىمىز كېرەك.

**ئورمانلىقتا بىخەتەر يۈرۈش قائىدىسى**

ئورمانلىقتا ھەرىكەت قىلغاندا، پىكا، RPG ، قەنناسچى قاتارلىقلارنى مۇداپىئەگە قويۇپ، ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ، ھەممىمىز توغرىسىغا بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە، بىر-بىرىمىزنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ھالەتتە ماڭىمىز، مۇداپىئەدىكىلەر بىلەن ئالدىدىكىلەرنىڭ ئارىلىقى ئالدىدىكىلەرنى ياخشى مۇداپىئە قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە يىراقلاپ كەتسە، (تەقرىبەن 35 – 40 مېتىر، ئورمانلىقتا بۇنىڭدىن بەك يىراقلىشىپ كەتسىمۇ كۆرمەك تەس، لېكىن ھەممە ئورمانلىق ئوخشمايدۇ، بەزەنلىرى قويۇق ھەم ئويمان- چۇقۇرلۇق بولىشى مۇمكىن، بەزەنلىرى شالاڭ، تۈز بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئورمانلىقنىڭ ئەھۋالغا قاراپ ئارىلىق مۇساپىنى بەلگىلەيمىز) مۇداپىئەدىكىلەر ئورنىدىن يۆتكىلىپ ئالدىدىكىلەرنى ياخشى مۇداپىئە قىلالىغۇدەك يەرگە ئورۇنلىشىدۇ، لېكىن ئالدىدا مېڭىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتمەيدۇ.

**ئورمانلىقتا يەنى بىزگە تەۋە بولىغان، دۈشمەن بار-يوقلىقى ئېنىق ئەمەس، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئورمانلىقلاردا يول يۈرۈشنىڭ چىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى:**

ئەگەر ئاۋۋال، ئەگەرئالدىمىزدا دۈشمەن بولۇپ قېلىپ، ئوققا تۇتۇپ قالغۇدەك بولسا، بىزنى ياخشى مۇداپىئە قىلالايدىغان جايغا مۇداپىئەچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئىككى- ئىككىدىن بولىۋالىمىز، (مەيلى جەڭدە بولسۇن ياكى رازۋېدكا ۋە باشقا ئەمەلىيەتلەردە بولسۇن، يالغۇز تۇرماسلىقىمىز ۋە يالغۇز ھەرىكەت قىلماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆز ھەمرايىمىزنى تونۇۋېلىشىمىز ۋە بىللە ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم) ئىككى-ئىككىدىن بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىمىز بىر توغرا تۈزسىزىق ئۈستىدە ئارىلىق مۇساپىمىزنى 6 – 7 مېتىر دىن قىلىپ تارقىلىمىز، (چۈشۈنۈشلۈك بولۇشى ئۈچۈن، ھەر ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى بىرىنچى ئادەم، يەنە بىرىنى ئىككىنچى ئادەم دەپ تۇرايلى.)




ئاندىن كېيىن بىرىنچى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چوڭراق دەرەخ ياكى باشقا تەبىئىي مۇداپىئەلەرنىڭ ئارقىسىدا مۇداپىئەدە تۇرىدۇ، ئارقىدىنلا ئىككىنچى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تەييار ھالەتتە تېز ھەرىكەت قىلىپ، تەقرىبەن 10 مېتىر مېڭىپ ئۆزىگە مۇداپىئە بولالىغۇدەك چوڭ دەرەخ ياكى شۇ ئورمانلىقتىكى تەبىئى مۇداپىئەلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ.



مۇداپىئەدە تۇرىۋاتقاندا «قەيەردە ياخشى مۇداپىئە بار، ئەمدى ماڭسام قەيەردە توختايمەن» دېگەننى پىكىر قىلىپ ئالدى تەرەپنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بىرىنچى ئادەملەر تەييار ھالەتتە تېز-تېز ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەمرايىنىڭ ئالدىغا 10 مېتىرچە ئۆتۈپ، ئۆزىگە مۇداپىئە بولالىغۇدەك يەردە توختاپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. كەينىدىكى پىكا، قەنناس، ئەرپىجىچىلەرنىڭ ئالدىدىكىلەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۈزىراپ كەتسە ئۇلارمۇ ئورنىدىن يۆتكىلىپ، مۇداپىئە قىلالىغۇدەك ئارىلىققا يېقىنلىشىپ داۋاملىق مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. گورۇپ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئىلگىرىلەپ مېڭىۋېرىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ بىر توغرا تۈز سىزىق ئۈستىدە قاتار تىزىلىپ تارقالغان ئىلگىرىلىگۈچىلەر، ئۆز ھەمراھلىرىدىن باشقا، ياندىكى ئىككى-ئىككىدىن تارقالغان بۆرادەرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىغىمۇ دىققەت قىلىپ، شۇلارغا ماسلاشقان ھالەتتە ئىلگىرىلىشى، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بەك ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

# پىستىرما

پىستىرما دېگىنىمىز ـ بىز ئۈچۈن قولايلىق، دۈشمەن ئۈچۈن قولايسىز ئورۇن ۋە ۋاقىتلاردا، دۈشمەنگە ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز، تېز زەربە بېرىپ، تېز چېكىنىپ، ئاز كۈچ بىلەن دۈشمەنگە كۆپ تالاپەت يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان جەڭنى كۆرسىتىدۇ .

پىستىرمىنى دۈشمەننىڭ پىيادە قىسىملىرى ۋە ماشىنا ئەترەتلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش ۋە يوقۇتۇش، چوڭ قوماندانلىرىنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئەسىر ئېلىش ياكى دۈشمەننىڭ رازۋېدكا ئەترەتلىرىنى يوق قىلىش ۋە ياكى دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىمىز.

ئۇندىن باشقا يەنە پىستىرمىنى جەڭ ۋاقىتلىرىدا دۈشمەنگە كەلگەن ياردەمنى توسۇش ئۈچۈنمۇ ئورۇنلاشتۇرىمىز.

***پىستىرمىنىڭ ئۈستۈنلىكى***

پىستىرما ھازىرقى ۋاقىتتا دۈشمەنگە قارشى ئەڭ ياخشى تاكتىكىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. چۈنكى پىستىرمىدا ئاز چىقىم بىلەن دۈشمەنگە كۆپ تالاپەت يەتكۈزگىلى بولىدۇ. سەۋەبى پىستىرما دۈشمەن ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇ، ھۇجۇم ئەمەلىيەتلىرىدە بىزمۇ، دۈشمەنمۇ تەييار ھالەتتە تۇرىمىز، ھەر ئىككىلى تەرەپتە قوراللار تەق، قايسى تەرەپتىن ھۇجۇم بولىدىغانلىقى بىزگىمۇ، دۈشمەنگىمۇ ئانچە مەخپى ئەمەس، لېكىن پىستىرمىدا ئۇنداق بولمايدۇ،

چۈنكى پىستىرمىنى دۈشمەن ئۆيلىمىغان ئورۇن ۋە ئۆيلىمىغان ۋاقىتتا قويىمىز. قورالللىرىمىزنى ۋە ئادەملىرىمىزنى تەييار قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئورۇنلارغا ئالدىن جايلاشتۇرىۋالغان بولىمىز. ھازىرقىدەك مۇجاھىدلارنىڭ سانى ۋە ماددى جەھەتتىكى كۈچى دۈشمەندىن نەچچە ھەسسە ئاز ۋە ئاجىز ۋاقىتلاردا، پىستىرمىنى دۈشمەنگە قارشى ئەڭ ياخشى تاكتىكا دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

**پىستىرمىغا ئورۇن تاللاش**

بىز دۈشمەنگە پىستىرما قويۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلارنى تاللايمىز:

1ـدۈشمەننىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ياكى ماشىنا ئەترەتلىرى ئۆتىدىغان ئورۇن.

2ـبىز دۈشمەننىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە پىستىرما قويماقچى بولغان دائىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرالايدىغان ئورۇن.

3ـنىسبەتەن كەڭرى ئورۇن. (يەنى پىستىرمىغا بارغان بۇرادەرلەر مەلۇم بىر جايغا توپلىشىپ قالماي ئورۇنلىشالايدىغان ئورۇن).

ئەگەر بىز پىستىرمىغا بىرقەدەر كەڭراق ئورۇن تالللىساق، پىستىرمىغا بارغانلارنىڭ ھەممىسىنى (پىستىرمىغا دۈشمەننىڭ سانىغا قاراپ ئادەم ئاپىرىمىز) تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرالايمىز. پىستىرمىنى باشلىغاندا بوش ئورۇن قويماي كېسىشتۈرۈپ، پىستىرما دائىرىسىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوق ئاتالايمىز. ئۇلار ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىزگە قارشىلىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بىزدىكى بىر ئورۇندىكىلەرگە قارشىلىق قىلسا، باشقا ئورۇندىكىلەر ئوق ئېتىپ جىمىقتۇرۇپ قويالايدۇ. ان شاءالله.



ئەگەر تار ئورۇننى تاللىساق، ھەممەيلەن تولۇق ئورۇنلىشالماي قالىمىز ياكى ئورۇنلىشالىساقمۇ بىر يەرگە توپلىشىپ قالىمىز، بۇنىڭ پايدىسى يوق. پىستىرمىدا بىزنىڭ سانىمىز دۈشمەندىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، يېيىلىپ تۇرۇپ كەڭرى دائىرىنى ئوققا تۇتالايدىغان ھالەتتە ئورۇنلىشىشىمىز كېرەك. بۇنداق تار ئورۇننى تاللىساق، پىستىرمىنى باشلىغاندا بىز دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى تەڭلا ئوققا تۇتالماي قالىمىز. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئوققا تۇتساق قالغانلىرى بىزنى ئوققا تۇتىدۇ، بىز بىر تۈركۈم دۈشمەن بىلەن ئېتىشىۋاتساق، بىزگە يەنە باشقا بىر تۈركۈم دۈشمەن ئوق ئاتسا، بىزگە ئوق ئېتىۋاتقانلارغا ئوق ئاتىدىغانغا ئادەم بولمىسا، بەلكىم بېشىمىزنىمۇ كۆتۈرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، بۇ ئەھۋالدا دۈشمەن يان تەرىپىمىزگە ئۆتۈپ بىزنى ئوققا تۇتۇشى ياكى ئارقىمىزغا ئايلىنىپ ئۆتۈشى  مۇمكىن.

پىستىرما قويۇشقا بولمايدىغان تار ئورۇن




پىستىرما بۇنداق بولسا بولمايدۇ، چۈنكى بىز ئۇلار ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلارنى ئالدۇق. ئۇلاردىن بۇرۇن كېلىپ ئورۇنلاشتۇق، ئۇلار خاتىرجەم ماڭغاندا بىز تۇيۇقسىزلا باشتا ئوققا تۇتتۇق. شۇنداق تۇرۇپ يەنە بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەس ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، دۈشمەننى پىستىرما قىلىمىز دەپ ئۆزىمىز مۇھاسىرىدە قالساق، بۇ پىستىرما بولماي قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئورۇن تاللىغاندا بۇ نۇقتىغا بەك دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

4-بىزگە قولايلىق، دۈشمەنگە قولايسىز ۋە دۈشمەن ئويلىمىغان ئورۇن.

پىستىرمىنى دۈشمەن ئويلىمىغان ئورۇنغا قويىمىز دېسەك، دۈشمەننىڭ چېگرىسى ئىچىدە قويساق ياخشى، چۈنكى دۈشمەن ئۆز چېگراسىنى بىخەتەر دەپ، پىستىرمىدا قېلىشنى خىيالىغىمۇ

كەلتۈرمەي بەخىرامان يۈرىدۇ. ياكى دۈشمەننىڭ قايتىش يولىغا ئورۇنلاشتۇرساقمۇ بولىدۇ، چۈنكى قوشۇن چېكىنىۋاتقاندا نىسبەتەن بىخۇد ھالەتتە يول يۈرىدۇ.

5-دۈشمەننىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى بولسۇن ياكى ماشىنا قىسىملىرى بولسۇن، سۈرەتنى ئاستىلىتىپ ماڭىدىغان ۋە مېڭىش قىيىن بولغان ئورۇن.

6-دۈشمەن ئايلىنىپ كېلىپ ئارقا تەرىپىمىزدىن زەربە بېرەلمەيدىغان، قورشىۋالىدىغان يولى بولمىغان ياكى بولسىمۇ تەستە كېلەلەيدىغان، بىز ئۈلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرالايدىغان ئورۇن.

7-بىزنىڭ بىخەتەر چېكىنىش يولىمىز بار بولغان ئورۇن.

سەۋەپ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پىستىرمىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، پىستىرما قىلىدىغان ئورۇن يۇقارقى شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولغاندىن باشقا يەنە بۇ ئۈچ ئىشقا باغلىق. 1-بۇرادەرلەرنى ياخشى تەرتىپ قىلىش (ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش). 2-قوراللارنى مۇۋاپىق تاللاش. 3-تۇيۇقسىز زەربە بېرىش.... مۇشۇلارغا ئەمىر-قوماندانلار ياخشى دىققەت قىلىشى كېرەك. بىرەر ئورۇنغا ئادەم ئەۋەتكەندە شۇ يەردىكى دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزنىڭ مۇساپىسىگە ماس قوراللارنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە تەييارلاپ بەرسە ياخشى، تاقىتى يەتمىگەننى الله مۇ سورىمايدىغۇ!؟

قورالنى ياخشى تاللىساق، ئادەمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرساق، پىستىرما ئوڭۇشلۇق بولماي بىزگە تالاپەت يېتىپ قېلىشى مۇمكىن، تالاپەت يەتمىگەن تەقدىردىمۇ پىستىرمىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

**پىستىرما قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن ھەققىدە ۋە پىستىرما قىلماقچى بولغان ئورۇن ھەققىدە كۆپرەك مەلۇمات ئېلىش كېرەك**

پىستىرمىغا قانچىلىك ئادەم ئاپىرىش، قايسى قوراللارنى ئىشلىتىش، قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلاش ئۈچۈن چوقۇم دۈشمەن ھەققىدە كۆپرەك مەلۇمات ئىگەللەشكە توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن: دۈشمەن قايسى يولدىن ماڭىدۇ، سائەت قانچىدە قايتىدۇ، سانى قانچە، پىيادىمۇ ياكى ماشىنىدىمۇ، ئۇ قانداق دۈشمەن (يەنى ئادەتتىكى ئەسكەرمۇ ياكى ئالاھىدە ئەسكەرمۇ ۋە ياكى باشلىق مۇ...) دېگەندەك مەلۇماتلارنى ئېنىق ئىگەللەش كېرەك. ئۇندىن باشقا بىز پىستىرما قويماقچى بولغان يەرنىڭ تۈزۈلۈشى توغۇرلۇقمۇ ياخشى مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. پىستىرمىغا كېرەكلىك ئادەم ۋە قوراللارنى مۇشۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن تاللايمىز.

پىستىرمىغا ئادەم ئىشلىتىشتە، دۈشمەننىڭ سانىغا، پىستىرما قىلىدىغان ئورۇننىڭ يەر شەكلى ھالىتىگە، ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سانىمىزنى ئازايتىمىز ياكى كۆپەيتىمىز. مەسىلەن:

دۈشمەننىڭ سانى كۆپ، بىز ئورۇنلاشماقچى بولغان ئورۇن كەڭرى، چېكىنىدىغان يولىمىز ياخشى، ئارىمىزدا تەجرىبىلىك كونىلار كۆپ بولسا، ئازراق بارساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر دۈشمەننىڭ سانى كۆپ، كۆپىنچىمىز ياكى ھەممىمىز يېڭى، چېكىنىش يولىمىز سەل تەس بولسا، كۆپرەك بارىمىز. لېكىن يەنە ئورۇنلاشماقچى بولغان ئورۇننىڭ كەڭ-تارلىقى، يوشۇرنۇشقا ئەپلىك ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ سانىمىزنى مۇۋاپىق تەڭشىسەك بولىدۇ.

لېكىن سانىمىزنى ھەددىدىن زىيادە كۆپەيتىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى پىستىرمىدا دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىپ، بىخەتەر تېز چېكىنىش ئۈچۈن يوشۇرۇن بولۇشىمىز كېرەك. ئادەم كۆپ بولۇپ كەتسە، يۇشۇرۇنۇشقا ۋە تېز چېكىنىشكە تەسىر يېتىدۇ. چۈنكى، ھەم يۇشۇرۇن بولۇش ھەم تۇيۇقسىز بولۇش پىستىرمىنىڭ تەلىپى ۋە ئالاھىدىلىكى.

**پىستىرمىغا مۇۋاپىق قورال تاللاش**

قورالنى دۈشمەننىڭ ئەھۋالىغا(يەنى بىز پىستىرما قىلماقچى بولغان دۈشمەن پىيادىمۇ ياكى ماشىنىلىقمۇ، بىرونۋىك ياكى تانكا دېگەندەك ماتورلۇق، كۈچلۈك ھەربى جابدۇقلارغا ئىگىمۇ ياكى ئەمەسمۇ)، يەر شەكلىگە، مۇساپىگە ۋە قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئەسىگە قاراپ تاللايمىز.

مەسلەن: دۈشمەن پىيادە، بىز ئورۇنلاشماقچى بولغان ئورۇن بىلەن دۈشمەن ماڭىدىغان يولنىڭ ئارىلىقى 100مېتىردىن 400 مېتىرغىچە بولسا، پىكا دېگەندەك قوراللارنى كۆپرەك ئالىمىز. ئەگەر 400 مېتىردىن 1000مېتىرغىچە بولسا داشاكا، زۇكيەك دېگەندەك قوراللارنى ئاپىرىمىز.

ئەگەر دۈشمەن ماشىنىلىق بولۇپ، مۇساپە 100مېتىردىن 300 مېتىرغىچە بولسا، RPG نى كۆپرەك ئالىمىز. ئەگەر مۇساپە 300 مېتىردىن 500 مېتىرغىچە بولسا، زەمبىرەك 82 ، زەمبىرەك 73 دېگەندەك قوراللارنى ئاپىرىمىز.

**پىستىرمىغا ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن قىلىش مۇھىم بولغان بەزى ئالاھىدە ئىشلار:**

پىستىرما قويۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇن تاللاپ بولدۇق، دۈشمەننى ياخشى كۆزەتتۇق ۋە ئەھۋالىنى ياخشى ئىگەللىدۇق. شۇنداقلا پىستىرمىغا بارىدىغانلارنىڭ سانىنىمۇ بېكىتتۇق، قوراللارنىمۇ مۇناسىپ تاللاپ تەييارقىلدۇق، ئەمدى بىز چوقۇم ئەمەلىيەتتىن قايتقاندا ھەممىمىز يىغىلىدىغان ئورۇننى بېكىتىۋېلىشىمىز كېرەك.




ئۇندىن باشقا ئەمەلىيەتكە كىرىدىغانلاردىن سىرت زاپاس گۇرۇپپا تەييار قىلىپ قويۇش-يەنە بىر مۇھىم ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە دوختۇرنىڭ بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. زاپاس گۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسى- شەھىد ياكى ياردارلارنى ئېلىپ كېتىش ۋە ئورنىنى تولۇقلاش، ئوق-دورىلار تۈگەپ كەتكەندە ۋاقتى-ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۇندىن باشقا ياردەم لازىم بولغان تەرەپلەرگە ياردەم بېرىش، چېكىنگەندە كېرەك بولسا، مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇش، دۈشمەنگە كەلگەن ياردەمنىڭ ئالدىنى توسۇش.......قاتارلىقلار. پىستىرمىدا ياكى جەڭدە تۇرغانلار شەھىد، ياردارلارنى ئامال بار ئۆزى يۆتكىمىسە ياخشى، چۈنكى بەزى ۋاقىتلاردا بىر ياردارنى يۆتكەش ئۈچۈن تۆت ئادەمنىڭمۇ ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇنداق بولغاندا ياردارلارنىڭ ۋە ياردار يۆتكەپ كەتكەنلەرنىڭ ئورنى بوش قېلىپ ئالدىنقى سەپتە كۈچىمىز ئاجىزلايدۇ. شۇ بەش-ئالتە ئادەمنىڭ ئازلىقى سەۋەبلىك قانداق تالاپەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭدىن ئىلگىرى زاپاس گۇرۇپ تەييارلاپ قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

جەڭلەردە بولسۇن ياكى پىستىرمىلاردا بولسۇن ئەگەر زاپاس گۇرۇپپا قويۇشقا سەل قارىساق، دۈشمەن بىز ئويلىغاندىن كۆپ بولۇپ قېلىپ ياكى ئۇلارغا ياردەم كېلىپ، زاپاس گۇرۇپپىنىڭ يوقلىقى سەۋەبلىك ياردەمسىز قالساق، ئاندىن شەھىد ۋە ياردارلار كۆپ بولۇپ كەتسە؛ مۇھاسىرىدە قالساق ياكى چېكىنگەندە قوغداپ تۇرىدىغانغا ئادەم يوق بولۇشى سەۋەبلىك مۇسىبەت كەلسە؛ ئوق دورىلار تۈگەپ كېتىپ، ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمەي قالغانلىقى سەۋەبلىك مەغلۇبىيەت كەلسە، بۇ بىزنىڭ بۇرادەرلەرنىڭ قېنىغا سەل قارىغانلىقىمىز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا چوڭ

ئەمەلىيەت بولسۇن ياكى كىچىك ئەمەلىيەت بولسۇن، زاپاس گۇرۇپپا تەييارلاشقا قەتئىي سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. بۇخىزمەتكە ئەمىر-قوماندانلار بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، چۈنكى بۇ قوماندانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇپ، خالىغان كىشى زاپاس گۇرۇپپا تەييارلىيالمايدۇ.

بىز چېكىنگەندە يىغىلىدىغان ئورۇننى بېكىتتۇق ۋە زاپاس گۇرۇپپىنىمۇ تەييارلاپ بولدۇق. ئەمدى بۇرادەرلەرنى پىستىرما قويىدىغان ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرىمىز.

**پىستىرمىغا ئادەم ۋە قورال ئورۇنلاشتۇرۇش تەرتىباتلىرى:**

بۇرادەرلەرنى پىستىرما قويغان دائىرە ئىچىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرالايدىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. يالغۇز قويمايمىز، ئەھۋالغا قاراپ بىر ئورۇندا ئىككىدىن ياكى ئۈچتىن قويىمىز.

بىر ئورۇندىكىلەر بىلەن يەنە بىر ئورۇندىكىلەرنىڭ ئارىلىقى، بىر-بىرسىنى كۆرۈپ تۇرالىغۇدەك ياكى نورمال ئاۋازنى ئاڭلىيالىغۇدەك مۇساپىدە بولۇشى كېرەك. ناۋادا بىز ئورۇنلاشقان ئورۇننىڭ ھەر ئىككىلى تەرىپىدىن دۈشمەنگە ياردەم كېلىش ئېھتىماللىقى بولسا، ھەر ئىككى تەرەپكە كۈچلۈك مۇداپىئە قويىمىز. ئەگەر بىرلا تەرەپتىن كېلىش ئېھتىماللىقى بولسا، شۇ تەرەپنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىمىز، ئۇنىڭدىن سىرت قەنناسچى ۋە كۆزەتچىلەرنى قويىمىز. لېكىن كېلىش ئېھتىماللىقى يوق تەرەپكىمۇ كۆزەتچى قويىمىز. ئۇلار يىراقتىن دۈشمەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرالايدىغان ئورۇندا تۇرىدۇ. ئارقا تەرەپنى كۆزىتىشكىمۇ ئادەم قويىمىز. ئەگەر دۈشمەن ئارقىمىزدىن ئايلىنىپ كېلەلەيدىغان يول بولۇپ قالسا، ئارقىغا كۈچلۈك مۇداپىئە قويىمىز. ھەر كىشىگە ئۆزىنىڭ كۆزىتىش ۋە ئېتىش دائىرىسىنى بۆلۈپ بېرىمىز. بۇرادەرلەرمۇ ئۆزىگە بۆلۈنگەن ئورۇننى كۆزىتىشى ھەم شۇ يەرگە ئېتىشى كېرەك، بولمىسا قالايمىقانچىلىق چىقىشى مۇمكىن.

ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قوراللارنى ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئەگەر دۈشمەننىڭ ماشىنا قىسمىغا پىستىرما قويغان بولساق، بىز پىستىرما قويغان ئورۇننىڭ ئەڭ ئاخىرىغا RPG دىن ئىككىنى قويىمىز. ئەگەر مۇساپە يېقىن بولسا، ئوتتۇرىغا پىكاچىلارنى قويىمىز. قەنناسچىنى باش تەرەپتىكى يىراقنى كۆزىتىپ تۇرالايدىغان ئورۇنغا قويىمىز.




**پىستىرمىنى باشلاش تەرتىپى:**

كۆزەتتە تۇرغانلار دۈشمەننىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىزگە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ھەممىمىز تەييار ھالەتتە تۇرىمىز. دۈشمەننىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ماشىنىسى بىز پىستىرما قويغان ئورۇننىڭ ئەڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەڭ ئاخىرقى ماشىنىسى بىزنىڭ پىستىرما دائىرىمىزگە تولۇق كىرىپ بولغاندا پىستىرمىنى باشلايمىز.

ئەگەر دۈشمەن ئالدىدا ئىككى رازۋېدچىك ماشىنىسىنى ماڭغۇزغان بولسا، بۇلارنى ئۆتكۈزىۋېتىمىز، بۇلار ئۆتۈپ كەتسىمۇ كېيىن بىزگە قايتۇرما ھۇجۇم شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، چۈنكى رازۋېدچىك ماشىنىلىرىدا بىزنى ئايلىنىپ قورشىۋالالىغۇدەك ياكى قارشىلىق قىلغۇدەك كۆپ ئەسكەر بولمايدۇ. ئەگەر بۇلارنى ئېتىپ قويساق، باشقا ماشىنىلار پىستىرما بارلىقىنى بىلىپ قېلىپ پىستىرما دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ھەمدە بىزنىڭ ئارقىمىزغا ئايلىنىپ ئۆتۈپ قورشىۋېلىشى ياكى بىرەر ئويلىمىغان تالاپەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

بىرىنچى پاي ئوقنى ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان ئىككى RPG چى ئاتىدۇ. ئوقنىڭ تەگمەي قېلىپ ماشىنىنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى تەڭ ئاتىدۇ.

بىرىنچى پاي ئوق ئېتىلغان ھامان ھەممەيلەن تەڭ ئاتىدۇ. بوش ئورۇن قويماي كىسىشتۇرۇپ ئاتىمىز، بۇ ۋاقىتتا مەيلى ئاپتوماتچىلار بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن چوقۇم بىر-ئىككى ئوقدان ئوقنى سىيرىپ ئېتىش كېرەك، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن بەخىرامان كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن

تۈيۈقسىز ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ، ئوق – سولىنى بىلەلمەي بىرگە قارشى ئوقمۇ ئاتالمايدۇ، ئاتسىمۇ قالايمىقان ئاتىدۇ. شۇڭا بىز دۈشمەن ئۆزىگە كېلىپ، ئۆزىنى مۇداپىئەگە ئېلىپ، بىرگە قارشى ئوق ئېتىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا قارغا ئالمەن دېمەي بىر- ئىككى ئوقدان ئوقنى سىيرىپ ئېتىشمىز كېرەك. دۈشمەن ئۆزىنى مۇداپىئەگە ئېلىپ بىزگە قارشى بىردىن - بىردىن ئوق ئاتقاندىن كېيىن، بىزمۇ قارغا ئېلىپ تۇرۇپ بىردىن - بىردىن ئاتىمىز.




**ئەسكەرتىش:**

- پىستىرمىنىڭ ۋاقتىنى بەك ئۇزۇن سوزۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ كەتكەندىمۇ يېرىم سائەتتىن ئېشىپ كەتمىسە ياخشى. ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە بىز ئۈچۈن پايدىسىز.
- پىستىرما دائىرىسىدىن دۈشمەننى ھەرگىز چىقىرۋەتمەسلىكىمىز ۋە سىرتىدا قويۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر چىقىپ كېتىپ قالسا ياكى كىرمەي قالسا، كىرمىگەنلەر ياكى چىقىپ كەتكەنلەر كۆپ بولۇپ كەتسە، ئارقىمىزدىن ئايلىنىپ بىزنى قورشۇۋېلىشى ياكى باشقا تەرەپتىن تالاپەت يەتكۈزۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئاز بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ پىستىرمىدا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياردەمچى قوشۇن چاقىرىپ كېلىشى مۇمكىن.

- تاقتىمىز يەتسە يولنىڭ پىستىرما دائىرىسىنىڭ ھەممىسىنى، ياردەمچى قوشۇن كېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار بولغان يول بۆلەكلىرىنى مىنالاشتۇرىمىز. ئۆلمەي قالغان دۈشمەنلەر قېچىپ مۇداپىئەلىنىشى مۇمكىن دەپ قارالغان يولنىڭ ياقلىرىغا پۇت مىناسى، تەشرىك مىنالىرىنى قويىمىز.

پىستىرمىنى مىنا ۋە RPG لار بىلەن باشلىساق إن شآ الله ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەگەر يولنىڭ ھەممىسىنى مىنالاشتۇرالمىساق، ئەڭ ئالدىدىكى ماشىنىغا بولسىمۇ مىنا قويىمىز.




**پەسكە چۈشۈپ ئۆلمەي قالغانلارنى بىرتەرەپ قىلىپ غەنىمەتلەرنى ئېلىپ چىقىش**

پىستىرمىنى ئوقۇشلۇق تۈگەتكەندىن كېيىن، پىستىرما دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن ياكى كىرمەي سىرتىدا قېلىپ قالغان دۈشمەننىڭ بار- يوقلۇقىغا ۋە قايسى تەرەپتىن ياردەمگە كېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىغا ، دۈشمەننىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى كۆپىنچىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە، قالدۇق كۈچىنىڭ قانچىلىك قېلىپ قالغانلىقىغا، قانچىلىكىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە جەزىم قىلالىغان- قىلالمىغانلىقىمىزغا قاراپ تۆت خىل يول بىلەن پەسكە چۈشىمىز.

1ـئەڭ ئاخىرىدىن چۈشۈش.

2ـئوتتۇرىدىن چۈشۈش.

3ـباش تەرەپتىن چۈشۈش.

4ـ ھەركىشى ئۆز ئۈدۈلىدىن چۈشۈش.

چۈشۈنۈشلۈك بولسۇن ئۈچۈن دۈشمەن كەلگەن تەرەپنى باش تەرەپ، كۆۋرۈك تەرەپنى ئاخىر تەرەپ دەپ بىلسەك؛

1ـ مىسال : پىستىرما جەريانىدا پىستىرمىدىن ساق قېچىپ چىقىپ كەتكەنلەر بولمىسا، ئاخىر تەرەپتىن دۈشمەن كېلىش ئېھتىماللىقى بولمىسا ۋە دۈشمەننىڭ بىزگە قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك ھالى بار-يوقلىقىنى بىلەلمىسەك بىرىنچى خىل يولدىن چۈشىمىز. چۈنكى بۇ تەرەپتىن دۈشمەن كېلىپ قېلىش ئېھتىماللىقى يوق (بۇ تەرەپتە دۈشمەننىڭ ئەسكىرى بازىسى ياكى پوستى ۋە ياكى شەھەر يوق). ئۆلمەي قالغان دۈشمەنلەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا قارشىلىق كۆرسىتىپ بىزگە ئوق ئاتالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بىز پىستىرمىغا ئورۇنلاشقان تاغقا قاراپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋالغان بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ ئوق ياكى سول تەرىپىدىن چۈشسەك ئۇلار بىزگە نىسبەتەن ئۆزۈنىسغا بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولۇپ قالىدۇ.




**ئەسكەرتىش:**

پەسكە يەڭگىل قورال‌لىقلار چۈشىدۇ. مەيلى قايسى خىل يولدىن چۈشمەيلى، مەيلى دۈشمەنگە ياردەم كېلىش ئېھتىماللىقى بولسۇن-بولمىسۇن، ھەرگىزمۇ ھەممىمىز بىراقلا چۈشۈپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. چوقۇم مۇداپىئەدە ئادەم قويۇپ چۈشىمىز. ئادەتتە RPG، پىكا، داشاكا قاتارلىق قورال‌لار مۇداپىئەدە قېلىپ قالىدۇ. پەسكە چۈشۈپ پۈتۈنلەي تازىلاپ بولغاندىن كېيىن،

ئاندىن غەنىمەتكە تۇتۇش قىلىمىز. چۈشۈپ چىقىش تېز بولۇشى كېرەك. ئۇنداق ئۇزۇن پىلان تۈزگىدەك ۋاقتىمىز يوق.

2ـمىسال : پىستىرما مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇپ دۈشمەننىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە جەزىم قىلساق ۋە بىزنىڭ ئورنىمىز بىلەن پىستىرما قويغان يولنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولسا ( دۈشمەنگە ئوقدىن ياكى سولدىن ياردەم كېلىپ بولغىچە چۈشۈپ چىقىپ بولغىدەك دەرىجىدە يېقىن بولسا ) ئىككىنچى ياكى تۆتىنچى خىل يولدىن چۈشىمىز.






3 ـمسال : پستىرما دائىرىسگە كىرمەي قالغان دۈشمەن يوق بولۇپ، ھەممىسى تولۇق كىرگەن، لېكىن پستىرمىدىن ساق چىقىپ كەتكەن ماشىنا بار، ئاخىرى تەرەپتىن دۈشمەن كېلىش ئېهتىماللىقى بار، باش تەرەپتىن دۈشمەن كېلىش ئېهتىماللىقى يوق ياكى تۆۋەن (دۈشمەن بازىسى ۋە شەھەر يوق ياكى يىراقتا) ۋە دۈشمەننىڭ قانچىلىك زەربە يېگەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. ( بىزگە قارشىلىق قىلالىغۇدەك ھالى بار-يوقلىقىنى بىلەلمىدۇق ) بۇخىل ھالەتتە بىز باش تەرەپكە كۈچلۈك مۇداپىئە قويۇپ 3-خىل يولدىن چۈشىمىز.




**پستىرمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھالەتلىرى:**

1-بىز دۈشمەننىڭ بۇ يولدىن ئۆتىدىغان پىيادە 50 ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات ئالدۇق ۋە شۇ بويىچە تەييارلىق قىلدۇق، لېكىن پىيادە 100 ئادەم كېلىپ قالدى ياكى پىيادىلىق كېلىدۇ دەپ تەييارلىق قىلساق، ماشىنىلىق كېلىپ قالسا، ئەمەلىيەتنى توختىتىمىز. چۈنكى بىز ئاز دۈشمەنگە قارىتا تەييارلىق قىلغان ۋە ئاز دۈشمەنگە لايىق ئورۇن تاللىغان، كۆپ دۈشمەن كەلسە تاللىغان ئورنىمىز ۋە سانىمىز ماس كەلمەيدۇ. ئەگەر پىيادە دۈشمەننى پستىرمىغا ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغان بولساق، ماشىنا قىسمى كېلىپ قالغان بولسا، تەييارلىغان قوراللىرىمىز ۋە باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىمىز دۈشمەنىڭ نۆۋەتتىكى نەق ھالىتىگە توغرا كەلمەي قالىدۇ.

2-بىز پستىرما قويغان ئورۇندىن دۈشمەننىڭ بىزگە قايتۇرما زەربە بېرەلىگۈدەك ئادەملىرى ياكى ماشىنىلىرى چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇلارنىڭ بىزنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قورشاۋغا ئېلىش ئېهتىماللىقى بولسا ياكى ئىككى تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىش ئېهتىماللىقى بولسا، پستىرمىنى توختىتىمىز.

3-بىز پىستىرمىنى باشلىساق دۈشمەنگە ياردەم كېلىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئەمىر-قوماندان ئەھۋالغا قارايدۇ، كەلگەن ياردەمنى بىزنىڭ زاپاس گۇرۇپپا توسىيالمىغۇدەك بولسا، پىستىرمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ چېكىنىمىز.

4-ھاۋا ھۇجۇمى بولغاندا (تىكئۇچار، جاسۇس دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن بومباردىمان قىلغاندا) توختىتىمىز.

5-پىستىرمىنى باشلىدۇق، لېكىن مىنالار ياخشى ئۈنۈم بەرمىدى ياكى باشتا ئاتقان ئوقلار (RPG ، ياكى باشقا توپ ئوقى) ياخشى تەگمەي، دۈشمەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىۋېلىپ ، بىزگە قارشىلىق قىلسا ، (بىردىن-بىردىن قارغا ئېلىپ ئېتىشقا باشلىسا) بۇ ھالەتتىمۇ داۋاملىق تىركىشىپ تۇرماستىن ئەھۋالغا قاراپ تېز چېكىنىمىز. چۈنكى بۇ دۈشمەننىڭ چوڭ زەربە يېمىگەنلىكى، سەپلىرىنىڭ قالايمىقانلاشمىغانلىقى ۋە بىزگە قارشىلىق قىلغۇدەك كۈچىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋاقىت پىستىرما باشلىنىپ دۈشمەن ئۆزىگە كېلىپ مۇداپىئەلىنىۋالغۇچە بولغان بىر - ئىككى مىنۇت ، بۇ ۋاقىتتا ئوق نەق تەگمەي، مىنالار ياخشى ئۈنۈم بەرمەي ، دۈشمەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىۋېلىپ بىزگە ئوق ئېتىشقا باشلىسا، بۇ پىستىرما بىز ئۈچۈن پايدىسىز.

**تۈزلەڭلىكتە پىستىرما قويۇش:**

بەزى يەرلەر پىستىرمىدا تۇرۇشقا ئەپلىك، لېكىن يۇشۇرۇنغۇدەك ئوت-چۆپلەر يوق، ئوت- چۆپ بار يەرلەردە ئورۇنلاشقۇدەك ياخشى مۇداپىئە يوق بولۇپ قالغاندا، خەندەك كولاش ياكى باشقا يۇشۇرۇنغۇدەك نەرسىلەرنى ئۆزىمىز ياساش ئارقىلىقمۇ پىستىرما ئورۇنلاشتۇرىمىز. بۇنداق ۋاقىتتا خەندەكنىڭ تۇپىسىنى شۇ يەرگە قويۇپ قويۇش، ئوت - چۆپ يوق يەرگە ئوت-چۆپ كۆچۈرۈش، قارىماققىلا كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە تاش يۆتكەپ قويۇش، يېقىن ئەتراپتىكى دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ ئورۇن ھازىرلاش، بەزى بەلگىلىك نەرسىلەرنى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر تۈزلەڭلىكتە پىستىرما قويماقچى بولساق خەندەك كولايمىز، خەندەكنىڭ تۇپىسىنى يىراققا ئاپىرىۋېتىشىمىز كېرەك.

پىستىرما قويماقچى بولغان ئورۇندا بىز ئورۇنلىشىدىغان تاغ ياكى دۆڭ دېگەندەك تەبىئى ئەۋزەللىك يوق، تۈزلەڭلىكتىلا تۇرساق، دۈشمەن بىزنى بايقاپ قالىدۇ، مۇداپىئەلىرىمىزمۇ يوق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بىز قەيەردە دۈشمەننى ياخشى كۆرۈپ تۇرالايمىز، قەيەردە دۈشمەن ئوچۇقچىلىقتا قالىدۇ ۋە قەيەردە پىستىرما قىلساق دۈشمەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ بىزگە قارشىلىق قىلىش ئىمكانىيىتى تۆۋەن بولىدۇ، مانا مۇشۇنداق پايدىلىق ئامىللارغا قاراپ ئورۇن تاللايمىز ۋە

تاللىغان ئورنىمىزغا خەندەك كولاپ ئورۇنلىشىمىز. خەندەك كولىغاندا چىققان يېڭى توپىلارنى شۇ ئەتراپتا قويمايمىز، شۇ يەردىكى ئەسلىدىنلا بار بولغان تەبئىي نەرسىلەرنى يۆتكۈەتمەيمىز ۋە شۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ماس كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى يۆتكەپ ئەكېلىپ نىقاپلانمايمىز. (يەنى قۇملۇق ياكى قاقاس چۆل دېگەندەك يەرلەرگە، دەرەخنىڭ شاخلىرىنى ۋە يېشىل ئوت-چۆپلەرنى ئەكىلىپ نىقاپلانمايمىز)




تۇزلەڭلىكتە ئىككى تەرەپتىن پىستىرما قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى تۇزلەڭلىكتە ئۆزىمىزنىڭ ئوقى ئۆزىمىزگە تېگىپ كېتىشى مۇمكىن.




دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن پىستىرما قىلىشقا بولمايدىغان ئورۇننىڭ مىسالى

ئەگەر دۈشمەننى زادى ئىككى تەرەپتىن پىستىرما قىلماقچى بولساق، تاغ يوللىرى ياكى ئىككى تەرىپىدە دۆڭ بار يولدا قىلىمىز.




دۈشمەننىڭ ئالدى تەرىپىدىنمۇ پىستىرما قويمايمىز،






چۈنكى پىستىرمىنى دۈشمەنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن قويساق ھەممىنى بىراقلا ئوققا تۇتالمايمىز. ئالدىدىكىلىرىنى ئوققا تۇتساق، كەينىدىكىلىرى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىۋېلىپ قارشىلىق قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر دۈشمەن ماشىنىدا بولۇپ قالسا ياكى كۆپرەك بولۇپ قالسا، بىز ئۇلارنى تېزلا توختىتالمىساق ئۆتۈپ كەتكەنلەر ئارقىمىزغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئالدىمىزدىمۇ، كەينىمىزدىمۇ دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ. (دۈشمەنىنىڭ يان تەرىپىدىن پىستىرما قويساق دۈشمەن ئۆتۈپ كېتىپ قالسىمۇ يان تەرىپىمىزگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئانچە خەتەرلىك ئەمەس، لېكىن ئۆتۈپ كەتمىگىنى ياخشى). ئۇنىدىن باشقا پىستىرمىنى ئالدىدىن قويساق ئەگەر دۈشمەن بىز ئويلىغاندىن كۆپ كېلىپ قالسا، چېكىنىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. تېز چېكىنمىسەك دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، چۈنكى بىز دۈشمەنىنىڭ ئالدى تەرىپىدە-دە. ( دۈشمەنىنىڭ يان تەرىپىدىن پىستىرما قويساق دۈشمەن كۆپ كېلىپ قالسا، چېكىنىشكە ئۈلگۈرمىسەك ئۇلارغا ئوق چىقارماي جىم تۇرۇۋالساق يان تەرىپىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ،) لېكىن ئالدى تەرىپىدىن پىستىرما قويغاندا جىم تۇرىۋالساق، دۈشمەنىنىڭ رازۋېدچىكلىرى كۆرۈپ قېلىشى ياكى ئارقىمىزغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن بىز تەرەپكە ( رىبات ئورۇنلىرىمىزغا ياكى تۇرۇۋاتقان ئورۇنلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا ( يەنى بىزگە ھۇجۇم قىلمىغان ئۆز دائىرىسىدە يۈرىۋاتقان ۋاقىتتا) ئالدى تەرەپتىن پىستىرما قويمايمىز.

**چېكىنىش تەرتىپى**

چېكىنىدىغان يوللارنى، چېكىنگەندە يىغىلىدىغان ئورۇننى پىستىرما ياكى جەڭدىن بۇرۇن ياخشى كۆرۈۋېلىشىمىز ۋە بەلگىلەپ قويىشىمىز، قانداق چېكىنىش توغرىسىدا پىلان تۈزۈۋېلىشىمىز، چېكىنگەندە قوغدايدىغانلارنى (زاپاس گۇرۇپپىنى) ئالدىن ئورۇنلاشتۇرىۋېلىشىمىز، چېكىنگەندە بۇرۇن تۈزىۋالغان پىلان بۇيىچە تەرتىپ بىلەن چېكىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق ، چېكىنگەندە جەڭدىكىدىنمۇ كۆپرەك تالاپەت كۆرۈشىمىز مۇمكىن، چۈنكى، چېكىنگەندە جىددىچىلىك بولۇپ كېتىدۇ، پىلان تۈزۈپ بولالمايمىز، ھەممەيلەن خەتەرلىك ئورۇندىن تېزراق چىقىپ كېتىشنى ئويلاپ تەرتىپ-تۈزۈملەرمۇ ئەستىن چىقىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پىلانسىزلا چېكىنىمىز ، بۇ ۋاقىتتا مۇداپىئە قىلىدىغانغىمۇ ئادەم يوق، سەپلىرىمىز بۇزىلىدۇ ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئەھۋالدا دۈشمەن ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئارقىمىزدىن ئوققا تۇتالايدۇ، الله بۇنداق بولۇشتىن ساقلىسۇن!

جەڭ ۋاقتىدىكى خەتەرلىك ئورۇنلار بىر قانچىگە بۆلىنىدۇ، 1-دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن ئورۇن. 2-دۈشمەنگە سەل يېقىن ئورۇن. 3-ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغىلى بولىدىغان لېكىن دۈشمەنىنىڭ قورشىۋېلىش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئورۇن............دېگەندەك.

چېكىنگەندە يارىدار ۋە شەھىدلەرنى ئاۋۋال چېكىندۈرىمىز، ئاندىن دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن1-خەتەرلىك ئورۇندىكىلەر چېكىنىدۇ، بۇلار چېكىنىۋاتقاندا، دۈشمەنگە يىراقراق ئورۇندىكىلەر قوغداپ بېرىدۇ ، بۇلار چېكىنىپ بەك يىراققا كەتمەي، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالىغۇدەك 2-خەتەرلىك ئورۇنغا ئورۇنلىشىپ باشقىلارنى مۇداپىئە قىلىپ بېرىدۇ، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ ، پىستىرمىدا تۇرغانلار چېكىنىپ بولغاندىن كېيىن ، دۈشمەنىنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزەتكىلى چىققان قەنناسچى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر چېكىنىدۇ، بۇلارنى ئەگەر قولاي بولسا بىز، بولمىسا زاپاس گۇرۇپپا مۇداپىئە قىلىپ بېرىدۇ ، زاپاس گۇرۇپپا ئەڭ ئاخىرىدا چېكىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: چېكىنگەندە بىراقلا مەركەزلەرگە ياكى ئۆيلىرىمىزگە كەتمەيمىز، ئاۋۋال بەلگىلىۋالغان چېكىنگەندە يىغىلىدىغان ئورۇنغا يىغىلىمىز، بۇيەردە كىم بار، كىم يوق شۇنى ئېنىقلايمىز ، ھەممەيلەن تولۇق بولسا قايتىمىز، تولۇق بولمىسا كەلگۈچە ساقلايمىز ياكى ئىزدەيمىز، بۇ يەرگە يىغىلمايلا كەتمەيمىز، ھەممىمىز يىغىلىپ بىرلىكتە كېتىمىز.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مىساللار پەقەت تاغ يوللىرىدا ۋە تۈزلەڭلىكتە پىستىرما قىلىشنىڭ بىر كۆرۈنۈشى خالاس. ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ مىساللارغا ئوخشاش ئورۇنلارنى ئۇچرىتىشىمىزمۇ مۇمكىن، ئۇچراتماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن. بىز بۇ دەرىسلەردىن پىستىرمىنىڭ قائىدە-ئۇسلۇبلىرىنى بىلىۋالساقلا، قالغان ئىشلارنى شۇ قېلىپقا سېلىپ قىلساق بولىدۇ. پىستىرمىدىكى دۈشمەن

ھەققىدە كۆپ مەلۇمات ئېلىش، ئورۇن تاللاش، قورال تاللاش، ئادەم ۋە قوراللارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، زاپاس گورۇپپا تەييارلاش، چېكىنگەندە يىغىلىدىغان ئورۇننى بەلگىلىۋېلىش، پىستىرمىغا ئورۇنلىشىش، چېكىنىش تەرتىپى ۋە دۈشمەننى پىستىرما دائىرىسىدىن چىقىرۋەتمەسلىك............ قاتارلىقلارنى ئەستىن چىقارماي، قالغان ئىشلارنى يەر شارائىتىغا قاراپ، قەيەر بىز ئۈچۈن قولاي، قەيەردە دۈشمەن ئاستىلاپ ماڭىدۇ، قەيەرگە ئۆزىمىز يوشۇرۇنىدىغان ئورۇن ياساپ ئورۇنلاشساق، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى تارتمايدۇ دېگەنلەرنى شۇ بويىچە ئېلىپ بارساق بولىدۇ.

پىستىرمىنى ئومۇمى چۈشەنسەك، مەيلى تاغلىق ئورۇن بولسۇن ياكى تۈزلەڭلىك بولسۇن ۋە ياكى دەريا بويى بولسۇن، ئىشقىلىپ قانداق ئورۇن بولىشىدىن قەتئىينەزەر قەيەردە دۈشمەنگە ياخشى زەربە بەرگىلى بولىدۇ، قەيەردە زەربە بېرىپ چېكىنمەك ئاسان بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ دۈشمەنگە قولايسىز، بىز ئۈچۈن قولايلىق ئورۇنغا ئورۇنلىشىۋالساق  ياكى دۈشمەنگە خەتەرلىك، ئۆزىمىز ئۈچۈن بىخەتەر ئورۇننى ياسىۋالساق مانا شۇ پىستىرما.

**دۈشمەن پىستىرمىسىنى ئېنىقلاش**

بىز يۇقىرىدا پىستىرما قويۇشقا قانداق ئورۇننىڭ مۇۋاپىقلىقى، قانداق ئورۇنلارغا پىستىرما قويساق ياخشى بولمايدىغانلىقىنى سۆزلىدۇق، ئەگەر بىز شۇنداق بىر ئورۇن (يەنى دۈشمەننىڭ پىستىرما قويىشىغا قولاي ، بىز ئۈچۈن قولايسىز ئورۇن) غا  كېلىپ قېلىپ، بۇ يەردە دۈشمەن پىستىرمىسى بار- يوقلىقىنى بىلەلمىسەك، بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكنى ئەۋەتىمىز. رازۋېدچىكلار بىز بۇرۇن ئۆگەنگەن بىرىنچى مۇھىم بەش قائىدە بويىچە، ئالدى بىلەن خەتەرلىك ئورۇننى بىلىۋالىدۇ، ئاندىن كېيىن، شۇ خەتەرلىك دەپ قارىغان ئورۇننى كۆزىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق جايغا ئورۇنلىشىدۇ، ئۈچىنچى قىلىپ  ئەمىر بىلەن قەنناسچىنى چاقىرىپ تۆت ئادەم خەتەرلىك ئورۇننى بۆلۈشۈپ كۆزىتىدۇ. (پىكا ، قەنناسلارنى مۇداپىئە قويۇپ ئاندىن كۆزەتكىلى بارىدۇ)، كۆزەتكەندە كۆپ ۋە تېز ھەرىكەت قىلماي ئۇزاق، تەپسىلى كۆزىتىدۇ، ئەگەر شۇ ئورۇنغا ئۆزىمىزنى قويۇپ تۇرۇپ كۆزەتسەك، تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز. يەنى «ئەگەر مەن شۇ ئورۇندا بولغان بولسام قەيەرگە ئورۇنلاشاتتىم ۋە قەيەرگە يوشۇرۇنغان بولاتتىم» دېگەندەك پىكىر قىلىپ تۇرۇپ كۆزىتىمىز ۋە تەبىئى بولمىغان نەرسىلەرگە بەكرەك دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

مەسىلەن : كولانغان يەر  ياكى ئەتراپىتا ئادەم يوشۇرۇنىۋالالىغۇدەك باشقا تاش بولمىغان يالغۇز تاش؛ بىرلا ئوت-چۆپ؛ ياكى باشقادەرەخلەر ساق، ئايرىم بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى سۇنۇق

ياكى يۇپۇرماقلىرى سۇلاشقان، بەزى دەرەخلەرگە قۇشلار كىلىپ قونۇپلا ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ.........دېگەندەك ئالاھىدە يىگى ئۆزگىرىشلەر.




ئۇندىن باشقا يەنە بۇ يولدىن قانداق ماڭىمىز، ئەگەر پىسترما بولۇپ قالسا قانداق چېكىنىمىز دېگەن مەسىلىلەرنى ئاساس قىلىپ كۆزىتىمىز، بۇ ئورۇندا تۇرۇپ كۆزىتىپ دۈشمەننىڭ بارلىقنى بايقىيالمساق، بىز خەتەرلىك دەپ قارىغان ئورۇنلارغا رازۋېدچىكلارنى ئەۋەتىمىز، ئۇلارنى يولغا سېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم پىكا ، ئەرپىجى ، قەنناسلارنى مۇداپىئەدە قويىمىز، ئەۋەتىلگەنلەر بىلەن ئارقىدا قالغانلار بىر-بىرىنى كۆرۈپ تۇرالىشى كىرەك، كۆرەلمىگۈدەك يىراقلاپ كەتسە ياكى بىرەر نەرسە توسىۋالسا ، ئەمىر ئالدىغا كەتكەنلەرنى ۋە ئەمرنى كۆرۈپ تۇرالايدىغان يەرگە ئادەم ئەۋەتىدۇ، رازۋېدچىكلار بىر-بىرىنى مۇداپىئە قىلىپ ئېهتىيات بىلەن بېرىپ كۆزىتىپ كېلىدۇ، ئەگەر بېرىپ كۆزىتەلمىسەك، ئەمىر ئۆزى قاراپ قارار چىقىرىدۇ، ناۋادا بۇ يەر ھەققەتەن بەك خەتەرلىك بولسا، بۇ يەردىن مېڭىش بەك مۇھىم بولمىسا، چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇنداق چېكىنىش ئەھۋاللىرى، ھەققەتەن بۇ يەردە دۈشمەن بار-يوقلىقىنى بىلەلمىگەن، لېكىن بارلىقىغا گۇمانىمىز چوڭ بولغان ياكى بۇيەرگە دۈشمەن ئىلگىرىلەپ چىققان، لېكىن ئۇلارنىڭ قايتىپ كەتكەن ياكى كەتمىگەنلىكى ئېنىق بولمىغان. ئەگەر بىز شۇيولدىن مېڭىپ، دۈشمەنگە ئۇچرىشىپ قالساق، بىزنىڭ چېكىنىشىمىز قىيىن، بىزگە ياردەم كىلەلمەيدىغان، پىسترما بولۇپلا قالماستىن، دۈشمەن ئۆز چېگرىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىۋالغان چوڭ قورالىرى بىلەن ئۇرالايدىغان، دۈشمەن دائىرىسىدىكى ئورۇنلاردا كۆپرەك يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ يولدىن مېڭىشىمىز مۇھىم بولسا، بۇ ئورۇن ئۇنچە خەتەرلىك بولمىسا، ئايلىنىپ ماڭىدىغان يوللار بولسا، ئايلىنىپ

ئۆتۈپ كېتىمىز، ياكى بولمىسا دۈشمەننىڭ بىزنى پىستىرما قىلىشى قىيىن بولغان، پىستىرما ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدىغان ھەم بىز تېزلا ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلالايدىغان يولدىن ئارىلىقنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك تاشلاپ ماڭىمىز. خەتەرلىك دائىرىدىن ھەممىمىز تەڭ ئۆتمەي، بىر تۈركۈملىرىمىز ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قالغانلار ئۆتسەك ياخشى.

**مۇسلىم ئۇستازنىڭ رازۋېدكىدا ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش، ئادەتتىكى نەرسىلەرگىمۇ سەل قارىماسلىق ۋە خەتەرلىك ئورۇنلارغا ھەممىدىن بىراقلا كىرىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا قىلغان سۆزى:**

**ئۇستازنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەزكۇر دەرسكىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، مۇھىم دەپ قاراپ، تەكرار كەلتۈردۇق.**

[مەن رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمرى بولۇپ، بىر گۇرۇپپا رازۋېدكىغا ماڭدۇق، ئورمانلىقنى تەكشۈرۈپ مېڭىۋاتاتتۇق، تاماكىنىڭ ھىدى كەلدى، بىز ئورمانلىقتا ئوتۇن كەسكىلى كەلگەنلەر ياكى باشقا خەلقلەر چەككەن تاماكىنىڭ پۇرىقىدۇ دەپ ئويلاپ ئالدىمىزغا مېڭىۋەردۇق، ئەسلى دۈشمەن بىزنى پىستىرمىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ پۇراقمۇ دۈشمەن چەككەن تاماكىدىن كەلگەن ئىكەن. دۈشمەن تۇيۇقسىز بىزنى ئوققا تۇتتى، دۈشمەن بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز قول بومبىسى يەتكۈدەكلا مۇساپە بولۇپ، بىزنىڭ سانىمىز ئون نەچچە، دۈشمەن تەقرىبەن 50 ئەتراپىدا، پىستىرمىغا چۈشكەنلىكىمىزنى بىلگىنىمىزدە سەپلىرىمىز قالايمىقانلىشىپ كەتتى. «ئەگەر پىستىرما بولۇپ قالسا ھەممىمىز چۈشۈپ قالمايلى» دەپ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ يېرىمى ئارقىمىزدا ئارىلىق تاشلاپ قالغان ئىدى، جىددىيچىلىكتە ئۇلارمۇ نىمە قىلارىنى بىلەلمەي خەتەرلىك دائىرىگە كىرىپ قاپتۇ. مەن مۇخابىراتتا:- بۇرادەرلەر، ئىلگىرىلەڭلار دۈشمەننى تىرىك تۇتىمىز،- دەپ ۋارقىراپ، دۈشمەنگە ئوق ئاتقاچ، بۇرادەرلەرگە چېكىنىشكە ئىشارەت قىلىشقا باشلىدىم. لېكىن بەزى بۇرادەرلەر ئىشارىتىمگە بەك دىققەت قىلمىدى. شۇ ئەسنادا پىكاچى دۈشمەننىڭ قول بومبىسىدا شەھىد بولدى، قەنناسچى يارىدار بولدى، ئارقىمىزدا پىستىرما دائىرىسىگە كىرمەي قالغان ئىككى بۇرادىرىمىز قاپتىكەن، بۇلار دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ ئوق ئاتتى، الله نىڭ دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ سېلىپ بېرىشى، بۇ ئىككى بۇرادەرنىڭ دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ ئوق ئېتىشى سەۋەپلىك، دۈشمەنلەر راستىنلا قورشاۋدا قاپتۇق دەپ ئويلاپ چېكىندى. بىر بۇرادىرىمىز شەھىد بولۇپ، قالغانلىرىمىز چېكىنىپ چىقتۇق. بىزنىڭ بۇ پىستىرمىغا چۈشۈپ قېلىشىمىزغا تاماكا پۇرىقىغا سەل قارىغانلىقىمىز، ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، جىددى مۇئامىلە قىلمىغانلىقىمىز سەۋەپ بولدى. بۇرادەرلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا بولۇپمۇ جەڭ ھالىتىدىكى جىددى ۋاقىتلاردا ئەمىرگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. پىستىرمىدىن ئۆز ۋاقتىدا چېكىنىپ چىقىپ كېتەلمەي، بۇرادىرىمىزنىڭ شەھىد بولۇشىغا، نەپەرلەرنىڭ ئىشارىتىمگە دىققەت قىلمىغانلىقى سەۋەپ بولدى. خەتەرلىك ۋە گۇمانلىق ئورۇنلاردىن ماڭغاندا ھەممىمىز بىراقلا كىرىپ كەتمەي، ئېھتىيات ئۈچۈن بىرتۈركۈم بۇرادەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك، بۇنداق بولغاندا، ئەگەر دۈشمەننىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قالساق، ئارقىمىزدىكى بۇرادەرلەر دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ بىزنى مۇداپىئە قىلىپ بىرەلەيدۇ، ئەگەر

ھەممىمىز تەڭلا پىستىرمىغا چۈشسەك، ھەممىمىز ئۆزىمىز بىلەن بولۇپ، باشقىلارنى مۇداپىئە قىلالمايمىز.] (ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىدى)

ئەسكەرتىش: بۇنداق خەتەرلىك ۋە ياكى گۇمانلىق ئورۇندىن ئۆتكەندە، ئارقىدا قالغانلارنىڭ ئىچىدە ئەمىر ياكى نائىب ئەمىر بىللە قېلىپ قېلىشى كېرەك.

**دۈشمەن پىستىرمىسىدىن چېكىنىپ چىقىش ۋە پىستىرمىدا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش**

دۈشمەننىڭ پىستىرما قويۇش ئېھتىماللىقى بولغان خەتەرلىك ئورۇنغا دۇچ كەلدۇق، چارچاپ كەتكەنلىكتىن ياكى سەل قارىغانلىقتىن ياخشى تەكشۈرمىدۇق. (ھەرقانچە چارچىغان بولساقمۇ، سۇسلۇق قىلساقمۇ خەتەرلىك دائىرىگە بار-يوق ھەممىمىز بىراقلا كىرىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك) ياكى ياخشى تەكشۈرگەن بولساقمۇ دۈشمەن بار-يوقلىقىنى بىلەلمەي الله نىڭ تەقدىرى بىلەن پىستىرمىغا بىر تۈركىمىمىز چۈشۈپ قالدۇق بۇ ئەھۋالدا، پىستىرمىغا چۈشۈپ قالغانلار قايسى تەرەپتە ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالىغۇدەك يەربولسا (كىچىك ئېرىق بولامدۇ ياكى ئازراق چوڭقۇر يەر بولامدۇ، ئىشقىلىپ تۈز يەردە تۇرغاندىن ياخشىراق ئورۇن بولسا) شۇ تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپ مۇداپىئە قىلىدۇ ۋە ئوق چىققان ئورۇننى ئېنىقلايدۇ. ئوق ئېتىپ تۇرۇپ (ئوق چىققان ئورۇننى كۆرەلمىسە شۇ يەرگە ئاتسا ياخشى، كۆرەلمىسەك دۈشمەن بار تەرەپكە بولسىمۇ ئوق ئېتىپ تۇرۇپ) بىخەتەر تەرەپكە (يەنى بۇرادەرلەر بار تەرەپكە ) قانچىلىك يۇرۇشەلىسە بىر-بىرىنى مۇداپىئە قىلىپ يۈرىشىدۇ. ( بىرسى چېكىنىۋاتقاندا بىرسى ئوق ئېتىپ قوغداپ تۇرىدۇ، بۇۋاقتتا ئوقنى تەگسۇن، تەگمىسۇن ئايىماي ئاتىمىز، ان شاءالله بۇ ئوق ئىسراپ بولمايدۇ، چۈنكى ئوق تەگمىسىمۇ دۈشمەننىڭ بېشىدىن ئۇچسا، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزنى قارىغا ئېلىپ ئاتالمايدۇ) پىستىرمىغا چۈشمەي تېشىدا قالغان بۇرادەرلەر قەيەردە دۈشمەنگە ياخشى ئوق ئاتالىسا، شۇ يەردە تۇرۇپ دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ چېكىنىشىگە ياردەم قىلىدۇ، ئىككى-ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتەلىسە ئۆتۈپ، ئۆتەلمىسە دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە بولسىمۇ ئۆتۈپ، ئېگىزرەك تاغ ياكى دۆڭ بولسا، شۇيەرگە ئېھتىيات بىلەن چىقىپ، (بىز پىستىرما قويساق يان تەرەپكىمۇ ئادەم قويىمىزغۇ، شۇنى ئويلاپ ئېھتىيات بىلەن كۆزىتىپ، تېز-تېز چىقىمىز، بۇيەردە بەش مۇھىم قائىدىنى ئىشلىتىمىز دەپ ئولتۇرساق، ئىچىدىكى بۇرادەرلەر بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن تېز چىقىشىمىز كېرەك، لېكىن ئېھتىياتنى لازىم تۇتۇشنى ھەر قاچان ئۇنتۇماسلىق كېرەك) دۈشمەننى كۆرسۇن، كۆرمىسۇن ئارقا ياكى يان تەرىپىدىن ئوق ئاتىدۇ، ان شاءالله بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.




بىز ئۆزىمىزنى مىسال قىلىدىغان بولساق، بىز دۈشمەنگە قاراپ جەڭ قىلىۋاتساق ئارقىمىزدىن ياكى يان تەرىپىمىزدىن ئوق كەلسە، يەنە ئالدىمىزدىكى دۈشمەنگە ئوق ئاتالامدۇق؟ بۇ ۋاقىتتا، «دۈشمەن ئارقىمىزغا ئۆتۈپ بوپتۇ، قورشاۋدا قېلىشىمىز مۇمكىن» دەپ، چېكىنىش كويىدا بولۇشىمىز مۇمكىن، دۈشمەن ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ئارقىمىز ياكى يان تەرىپىمىزگە ئۆتىۋالسا، بۇ بىز ئۈچۈن خەتەرلىك ۋە ئەنسىرەيدىغان ئەھۋال بولغىنىدەك، دۈشمەن ئۈچۈنمۇ شۇنداق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاج بولسا دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا، ھېچ بولمىغاندا يان تەرىپىگە ئۆتۈپ بولسىمۇ بۇرادەرلىرىمىزنى قۇتقۇزىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز پىستىرما قىلغاندىمۇ شۇلارغا دىققەت قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئارقىمىزغا ياكى يان تەرىپىمىزگە ئۆتىۋالماسلىقى ئۈچۈن پىستىرما دائىرىسىدىن چىقىرۋەتمەسلىكىمىز، سىرتىدا قويۇپ قويماسلىقىمىز ھەمدە ئارقا ۋە يان تەرەپلەرگە كۆزەتچى، مۇداپىئەچىلەرنى قويىشىمىز كېرەك.

# جەڭ پىلانى تۈزۈش

بىز دۈشمەن ھەربى بازىلىرىغا، پوستلىرىغا ياكى دۈشمەن قولىدىكى زېمىنلارغا جەڭ قىلماقچى بولساق-

- بىرىنچى قىلىپ، ئەمىردىن رازۋېدكا گۇرۇپپىلىرى تەرىپىدىن ئېلىنغان، شۇ ئورۇننىڭ رازۋېدكا مەلۇماتىنى ئالىمىز، ئۆزىمىزمۇ ھەم (جەڭگە باشلاپ كىرىدىغان گۇرۇپپا مەسئۇللىرى) شۇ ئورۇننى ئۆز ئالدىمىزغا ئايرىم رازۋېدكا قىلىمىز. (بىز رازۋېدكىدا سۆزلىگەن مۇھىم قائىدىلەر ۋە بىخەتەرلىك قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلغان ھالەتتە، دۈشمەننىڭ سانىنى، ھەركىتىنى، ئورنىنى، تۈرىنى، كۈچىنى، دۈشمەنگە ياردەم كېلىدىغان يولنى، قورالىلىرىنى، قوراللىرىنىڭ ئورنىنى، ئاجىز ۋە كۈچلۈك جايلىرىنى، بىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىدىغان ھەم چېكىنىدىغان يولنى تەپسىلى كۆزىتىمىز) مەيلى چوڭ جەڭ بولسۇن ياكى كىچىك جەڭ بولسۇن رازۋېدكىغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.
- ئىككىنچى قىلىپ، بىز ئەمەلىيەت قىلماقچى بولغان ئورۇنغا جەڭگە قاتنىشىدىغانلارنى ئاز-ئازدىن ئاپىرىپ دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىرىنى، ئاجىز-كۈچلۈك يەرلىرىنى ۋە جەڭگە كىرىپ چىقىدىغان يوللارنى ھەممىيلەنگە كۆرسىتىمىز ۋە شۇ ئورۇننىڭ مودىلىنى تەييارلاپ جەڭگە قاتنىشىدىغانلارغا شۇ ئورۇننى تەپسىلى تونۇشتۇرىمىز ، مودىلىنى ياسىيالمىساق گوگۇل خەرىتىدىن بولسىمۇ كۆرسىتىمىز، ئاندىن كېيىن بىز ئەمەلىيەت قىلماقچى بولغان ئورۇنغا ئوخشاش جاينى تېپىپ (ئۆز ئەينى ئوخشىمىسىمۇ يەر شەكلى ئوخشايدىغان يەرلەرنى تېپىپ) بۇرادەرلەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، (زاپاس گۇرۇپپا، ھۇجۇمچى گۇرۇپپا، مۇداپىئەچى گۇرۇپپا .......دىگەندەك) قانداق ھۇجۇم قىلىشنى، قانداق مۇداپىئە قىلىشنى ۋە قانداق چېكىنىشنى شۇ يەردە مەشىقلەندۈرىمىز. بىز بۇ يەردە، ھۇجۇمچى، مۇداپىئەچى ۋە زاپاس گۇرۇپپىلارنى ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇپ مەشىقلەندۈرۈش ئارقىلىق، كىمنىڭ قايسى ئىشقا ۋە قايسى قورالغا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز ۋە شۇ بويىچە گۇرۇپپىغا بۆلىمىز.

**مۇسلىم ئۇستازنىڭ ئىتائەت ھەققىدە قىلغان سۆزى:**

[ھەممىيلەننىڭ ھۇجۇمغا كىرگۈسى كېلىدۇ، ھەممىيلەننىڭ دۈشمەنگە يېقىن بېرىپ كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگۈسى كېلىدۇ، ھەممىيلەن مۇداپىئە ۋە زاپاس گۇرۇپپىدىن قاچىدۇ، بۇرادەرلەر بۇنداق ۋاقىتتا ئەمىر-قوماندانلارغا ئىتائەت قىلىشى، قايسى گۇرۇپپىغا بۆلسە شۇ گۇرۇپپىدا تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر بۇرادەرلەر نېمىشقا مەن ئالدىغا كىرمەي كەينىدە قالدىكەنمەن، نېمىشقا بۇ

گۇرۇپپىدا تۇرىدىكەنمەن دېگەندەك ئىتائەتسىزلىكلەرنى قىلسا، ئىتائەتسىزلىك قىلغانلارنى جەڭگە كىرگۈزمەي قايتۇرۇۋېتىش كېرەك. چۈنكى ئىتائەتسىزلىك ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ، الله شۇ ئىتائەتسىزلىك سەۋەبىدىن نۇسرەتنى ئېلىپ قويىشى مۇمكىن. ئەمرگە قىلىنغان ئىتائەت الله قا قىلىنغان ئىتائەتتۇر، بىز الله قا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ تۇرۇپ، يەنە اللەتىن نۇسرەت كۈتىمىزمۇ؟ بۇنداق جەڭ باشلانماستىنلا ئىتائەتسىزلىكلەر بولغان جەڭنى توختاتقىنىمىز تۈزۈك. قادىسىيە جېڭىدە سەئىد ئىبنى ئەبى ۋاققاس (شۇ جەڭنىڭ قوماندانى) ئۈچىنچى تەكبىردە دۈشمەنگە ھۇجۇم باشلايسىلەر دەپ بۇيرۇق قىلغان. لېكىن ئىككىنچى تەكبىردە بىر مۇجاھىد دۈشمەن تەرەپكە كىرىپ كەتكەن، سەئىد ئىبنى ئەبى ۋاققاس جەڭ تۈگىگىچە: «ئى رەببىم! شۇ بىر مۇجاھىدنىڭ ئىتائەتسىزلىكى سەۋەبىدىن بىزنى جازالىمىغىن»،- دەپ دۇئا قىلىپ تۇرغان ئىكەن. بىز شۇنچە تەييارلىقلار بىلەن جەڭگە كىرىمىز-يۇ، لېكىن ئىتائەت مەسىلىسىگە سەل قارايمىز، جەڭلەردە شەھىد، يارىدارلار كۆپ بولسا، مەغلۇپ بولساق، نىمىشقا بۇنداق بولىدۇ، شۇنچە تەييارلىقلارنى قىلىپ كىرگەن تۇرساق دەپ قالىمىز ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبىنى ئەنسارىلارنىڭ ياخشى ماسلاشمىغانلىقىدىن ياكى توپ قورالىرىمىزنىڭ ئاتماي قالغانلىقىدىن كۆرىمىز. بەلكىم ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن مۇسىبەت كەلگەندۇ، بەلكىم ھۇنەين كۈنى ساھابىلەر دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى دېگەنلىكىمىز سەۋەب بولغاندۇ، مەغلۇبىيەتنى ئۆزىمىزنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتلىرى ۋە ئىتائەتسىزلىكلىرىدىن كۆرمەيمىز.]

**ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىدى.**

- ئۈچىنچى قىلىپ قورال تاللايمىز ۋە مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرىمىز؛ دۈشمەننىڭ قانچە مۇداپىئەسى بار، قايسى مۇداپىئەسىدە قايسى قورال بار، مۇداپىئە نېمىدىن ياسالغان، بىز بىلەن بولغان مۇساپىسى قانچىلىك........دېگەنگە ئوخشاش رازۋېدكىدا ئالغان مەلۇماتلارغا ئاساسەن، دۈشمەننىڭ ھەر بىر مۇداپىئەسىگە قارشى ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلەيدىغان قوراللارنى تاللاپ مۇداپىئەدە قويىمىز، دۈشمەننىڭ بىر مۇداپىئەسىگە ئىككى ياكى ئۈچ مۇداپىئە قويساق ياخشى، بۇنداق بولغاندا دۈشمەن بىزنىڭ بىر مۇداپىئەيىمىزگە ئوق ئاتسا، بىزنىڭ يەنە بىر مۇداپىئەيىمىزدىكىلەر ئوق ئېتىپ ھىمايە قىلىپ بېرەلەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ان شـــاءالله ھۇجۇمچى گۇرۇپپا كۆپ قارشىلىققا ئۇچرىمايلا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ئەگەر مۇداپىئەنى ئاز قويساق، دۈشمەن بىزنىڭ بىر مۇداپىئەيىمىزنى ئوققا تۇتسا، بىزنى ئوققا تۇتقان دۈشمەن مۇداپىئەسىنى ئوققا تۇتىدىغان ئارتۇق مۇداپىئەيىمىز بولمىسا، ھۇجۇمچى گۇرۇپپا كۆپ تالاپەت يەپ كېتىدۇ. مۇداپىئە گۇرۇپپىمىز دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىرىنى بېسىقتۇرالمىسا، ھۇجۇمچى گۇرۇپپا

دۈشمەن ئۈچۈن تەييار ئولجىغا ئايلىنىدۇ، چۈنكى دۈشمەننىڭ ئالدىدا تەييار ماددى مۇداپىئەسى بار، لېكىن بىزنىڭ ھۇجۇمچىلارنىڭ ماددى مۇداپىئەسى يوق. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مۇداپىئەسى پەقەت مۇداپىئەچى گۇرۇپپا، گەرچە ھۇجۇمچىلار شۇيەردىكى تەبئىي مۇداپىئەلەردىن پايدىلىنالىغان تەقدىردىمۇ. ئەگەر ھۇجۇمچىلار ئىلگىرىلەۋاتقاندا، مۇداپىئەچىلەر ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىسا، ئۇلار شۇ ئورنىدىن ئىلگىرىلىيەلمەي، ئوقلىرى تۈگەپ، جەڭدە ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق بولۇشتىن الله ساقلىسۇن، جەڭدە مۇداپىئەچى گۇرۇپپا بەك چوڭ رول ئوينايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە قوراللىرىنى ياخشى تەييارلاپ بېرىشكە بەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. جەڭگە ئون ئادەم كىرسە، 20 ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم مۇداپىئەدە تۇرىشى كېرەك.

**گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ سانى ۋە قوراللىرى ھەققىدە مىسال:**

مىسال: جەڭگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمى سانى 40 بولۇپ، 13 ئادەم ھۇجۇمغا كىرىدۇ. بۇلاردا بىر قەنناس، بىر RPG، بىر پىكا بار. زاپاس گۇرۇپپىدا ئون ئادەم بولىدۇ، بۇلاردىمۇ بىر پىكا، بىر قەنناس، بىر ئەرپىجى بار. مۇداپىئە گۇرۇپپىسىدا 17 ئادەم قالىدۇ، بۇلارغا شۇ ئورۇننىڭ مۇساپىسىگە ماس ھەرخىل قوراللار سەپلەپ بېرىلىدۇ. (يەنى پىكانىڭ مۇساپىسى ماس بولسا پىكا، بولمىسا زۇكيەك، داشاكا ياكى باشقا توپ قوراللار) ئۇندىن باشقا زاپاس گۇرۇپپىدىن بىر پىكاچى، بىر RPG چى، بىر قەنناسچى ئېلىنىپ مۇداپىئە گۇرۇپپىسىدا زاپاس تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنداق بولغاندا زاپاس گۇرۇپپىدا ھەممىسى يەڭگىل قورالىق 7 ئادەم قالغان بولىدۇ، ئەگەر ھۇجۇمچىلارغا ياردەم لازىم بولۇپ قالسا، زاپاس گۇرۇپپا ئۆزىنىڭ مۇداپىئەدە تۇرىۋاتقان ھېلىقى ئادەملىرىنى ئېلىپ ئىچىگە كىرىپ ياردەم بېرىدۇ ، ئەسلىدە زاپاس گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز گۇرۇپپىسىدا تۇرۇپ ، ھۇجۇمچىلارغا ياردەم لازىم بولسا، ئاندىن ئىچىگە كىرىپ ياردەم بەرسىمۇ بولاتتى، لېكىن بۇلارنىڭ چوڭ قوراللىقلىرى مۇداپىئە گۇرۇپپىسىدا زاپاس تۇرسا، مۇداپىئەدىكىلەر كۆپىيىدۇ، ھېچ بولمىغاندا دۈشمەننىڭ ئىككى ياكى ئۈچ مۇداپىئەسىنى بولسىمۇ ئوققا تۇتالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇجۇمچىلارغا ياردەم كېرەك بولمىغان ۋاقىتتا، ئۇلار مۇداپىئە گۇرۇپپىسىدا زاپاس تۇرسا ياخشى. ئەگەر مۇساپە يىراق بولۇپ، پىكا ۋە قەنناسلار مۇداپىئە قىلالمىسا، ئۆز گۇرۇپپىسىدا تۇرغىنى ئەۋزەل.

بۇيەردىكى ئادەم سانلىرى مىسال ئۈچۈن دېيىلگەن. ئەگەر ئىچىگە كىرىدىغانلار 20 – 30 بولسا، شۇنىڭغا قارىتا قورال ئېلىپ كىرىدۇ. 12 ياكى 15ئادەمنى بىرگۇرۇپپا قىلىپ ، ھەر بىر گۇرۇپپىغا بىر پىكا ، بىر RPG ، بىر قەنناس سەپلەپ بېرىمىز. ھەممە گۇرۇپپىلارغا بىردىن

قەنناس سەپلەشكە تاقىتىمىز يەتمىسە، ھەربىرگۇرۇپپىغا بىر ئەرپىچى، بىر پىكانى چوقۇم سەپلەيمىز، تاقىتىمىز يەتمەيدىغان ئىشنى اللەبىزدىن سورىمايدۇ ان شاءالله.

**مۇسلىم ئۇستازنىڭ دەرس ۋاقتىدا قىستۇرۇپ ئۆتكەن سۆزى :**

[ بىز كۆپىنچە جەڭلىرىمىزدە، رازۋېدكا قىلىشنى ۋە مۇداپىئەگە ئادەم قويۇشنى ئارتۇقچە ئىش دەپ سەل قاراپ، شاھادەتكە ئىنتىلىپ، تەكبىر توۋلاپ دۈشمەن تەرەپكە كىرىپ كېتىمىز، بىر ئېگىزلىكنى ياكى بىرەر پوستىنى 10-20 شەھىد بېرىپ ئاران فەتىھ قىلىمىز ياكى قىلالمايمىز. يەنە تېخى پالانى جەڭدە ئانچە شەھىد، پوكونى جەڭدە مانچە شەھىد بەردۇق دەپ پەخىرلىنىمىز. توغرا، شەھىدلىككە ھەممىمىز قىززىقىمىز ۋە ئارزۇ قىلىمىز، لېكىن شەھىدلىك بىزنىڭ جىھادىمىزنىڭ غايىسى ئەمەس. شەھىدلىكنى پەيغەمبىرىمىزمۇ نەچچە رەت ئارزۇ قىلغان ، لېكىن جەڭگە قوش ساۋۇت كىيىپ چىققان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاھادەتنى ئارزۇ قىلىدىغان خەلىپىلىرى ئىچىدە، بىرشەھەر فەتىھ بولۇپ، بىر مۇجاھىدنى قار بېسىۋېلىپ شەھىد بولغانلىق خەۋىرى كەلگەندە: «بىر شەھەرنىڭ فەتىھ بولۇشىدىن شۇ مۇجاھىدنىڭ جېنىنىڭ ساق قېلىشى، مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك»،- دېگەن خەلىپىلىرى بولغان. چۈنكى ئۇلار بىر مۇسۇلماننىڭ بەلكى بىر مۇجاھىدنىڭ قېنىنىڭ اللەنىڭ نەزىرىدە قانچىلىك ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، ھەمدە شۇ بىر مۇجاھىد ئۈچۈن ئۆزىنىڭ الله ئالدىدا جاۋاپ بېرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەن.

بىزنىڭ سەل قارىشىمىز ۋە سەھۋەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن، بۇرادەرلىرىمىزنىڭ شەھىد بولۇپ كېتىشىگە، شەھىدلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە شەھىدلەرگە قايغۇرماسلىق ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقلىرىنى ياپماسلىقىمىز كېرەك. شەھىدلىكنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئايەت نازىل قىلىپ بىزگە بىلدۈرگەن زات الله، تەييارلىق قىلىشنى ۋە ئېھتىياتنى لازىم تۇتۇشنى بىزگە پەرز قىلغان. شەھىدلىكنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۆز ھەدىسلىرى بىلەن بىزگە يەتكۈزگەن پەيغەمبىرىمىز، يول باشچىمىز، قوماندانىمىز محمد صلى الله عليه وسلم مۇ جەڭگە قوش ساۋۇت كىيىپ چىققان.

بۇ دېگىنىم، قورقۇنچاق بولايلى ياكى جېنىمىزنى الله يولىدا قۇربان قىلىشتىن ئاياپ قالايلى ۋە ياكى شەھىدلەرگە قايغۇرايلى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى شۇ شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنى، تەييارلىق ۋە ئېھتىيات ئايەتلىرى بىلەن باغلاپ چۈشىنەيلى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەم شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى، ھەم جەڭدە قوش ساۋۇت كىيگەنلىكىنى ئەستىن چىقارمايلى. تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ئاز چىقىم تارتىپ، ئاز شەھىد بېرىپ كۆپ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى دېگەنلىكتۇر. ئىسلامنىڭ ھامىيلىرى بولغان بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قانلىرىغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

بۇ جاننى بىزگە الله بەرگەن، جېنىمىزنى ھەرگىز الله تىن ئايىمايمىز، الله بىزنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياراتقان ۋە ئۆز شەرىئىتىنى زېمىندا قانۇن قىلىش ئۈچۈن بىزگە جىھادنى پەرز قىلغان. بىز قىلىۋاتقان جىھاد- ئىبادەت، ئېھتىيات قىلىشمۇ ئوخشاشلا ئىبادەت، بىز بۇ جېنىمىزنى ئەلۋەتتە اللەنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش يولىدا تەقدىم قىلىمىز. ھالبۇكى بىز سەۋەپلەرنى تۇتىمىز، ئەگەر شەھىد بولساق، دۇنيا پىتنىلىرىدىن قۇتۇلۇپ اللەنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىمىز، ئەگەر قېلىپ قالساق اللەنىڭ يولىدا غازىي بولۇپ قالىمىز ان شاءالله.

بىز ئوتتۇرھال ئۇممەت، ئېھتىياتمۇ قىلىمىز، تەۋەككۇلمۇ قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جىھاد يولىنى تاللىغان. بىز «ئۆزىمىزنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسەك بولمايدۇ دەپ، ئىشمىزنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشىمىز كېرەك» دېمەيمىز ۋە ياكى ئېھتىيات سەۋەپلەرنى تۇتماي تۇرۇپلا كۆزىمىزنى يۇمغانچە تەكبىر توۋلاپ جەڭگە كىرىپ كەتمەيمىز، چۈنكى الله تعالى بىزگە كاپىرلارغا قارشى تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە تەييارلىق قىلىشنى ۋە ئېھتىياتنى لازىم تۇتۇشنى بۇيرىغان.

قال الله تعالى﴿ وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن قُوَّةٖ وَمِن رِّبَاطِ ٱلۡخَيۡلِ ﴿٦٠﴾ ﴾ الأنفال: ٦٠

دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار.

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ خُذُواْ حِذۡرَكُمۡ فَٱنفِرُواْ ثُبَاتٍ أَوِ ٱنفِرُواْ جَمِيعٗا ﴿٧١﴾ ﴾ النساء: ٧١

ئى مۇئمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم – تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىربولۇپ چىقىڭلار

بۇ ئايەتنى ئىبنى كەسىر رحمة الله عليه مۇنداق تەپسىرلىگەن: يأمر الله عباده المؤمنين بأخذ الحذر من عدوهم ، وهذا يستلزم التأهب لهم بإعداد الأسلحة والعدد وتكثير العدد بالنفير في سبيله .

{ الله تائالا (بۇ ئايەتتە) مۇئمىن بەندىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ھۇشيار تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ھۇشيار تۇرۇش دېگەنلىك، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قورال ۋە سان جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئۇرۇشقا جىق سان بىلەن چىقىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.}

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەمىر-قوماندانلىرىمىزمۇ، جەڭگە كىرىدىغانلارنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە رازۋېدكا قىلدۇرۇشقا، زاپاس گۇرۇپپا ۋە مۇداپىئەچى گۇرۇپپىلارنى ياخشى، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا، شۇنداقلا قورالLارنى شۇ يەرگە ماس ھالەتتە سەپلەپ بېرىشكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.] ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىدى .

# ھۇجۇم قىلىش

يۇقىرىدا سۆزلىگەن تەرتىپ بويىچە تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئەمەلىيەت قىلماقچى بولغان ئورۇنغا بارىمىز، جەڭنى باشلاشتىن بۇرۇن، يەنە بىر قاتار كۆزىتىۋېتىمىز. (دۈشمەن بىز ئالغان مەلۇماتتىكى ھالىتىنى ئۆزگەرتتىمۇ، مۇداپىئەلىرىنى يۆتكىدىمۇ ياكى كۆپەيتتىمۇ.......دېگەندەك يىگى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىمىز) ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز بۇرۇن مۇداپىئەچىلەر ئۈچۈن كۆرۈپ قويغان ئورۇنغا (دۈشمەن مۇداپىئەلىرىگە ياخشى زەربە بېرەلەيدىغان ۋە دۈشمەن مۇداپىئەلىرىگە ئوق ئاتقان ۋاقىتتا ھۇجۇم گۇرۇپپىسىدىكى بۇرادەرلەرنى ئېتىپ سالمايدىغان ئورۇنغا) مۇداپىئە گۇرۇپپىسىنى ئورۇنلاشتۇرىمىز ۋە زاپاس گۇرۇپپىنى يېقىن ۋە بىخەتەر ئورۇندا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا قالدۇرىمىز.

نورمال ئەھۋالدا، مۇداپىئەدىكىلەر بىرىنچى بولۇپ ئوق ئېتىپ جەڭنى باشلايدۇ؛

ئۇلار قايسى ۋاقىتلاردا ئوق ئاتىدۇ ؟

1-ھۇجۇمچى گۇرۇپپا كۆزلىگەن ئورۇنغا بېرىپ بولۇپ، «ئوق ئېتىپ بېرىڭلار» دېگەندە.

2-ھۇجۇمچىلار كۆزلىگەن نىشانغا بارماستىن، دۈشمەن سىزىپ قېلىپ ئوق ئاتقاندا.

3-دۈشمەن ھۇجۇمچىلارنى سىزىپ قېلىپ ، ئۇلارنى قورشىۋالماقچى بولغىنىنى ياكى باشقا غەيرى ئەھۋاللارنى سەزگەندە.

مۇداپىئە گۇرۇپپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھۇجۇمچى گۇرۇپپا دۈشمەنگە سەزدۈرمەي دۈشمەننىڭ ئاجىز تەرىپىدىن قانچىلىك يېقىنلىشالىسا شۇنچىلىك يېقىنلىشىدۇ. ئىچىگە ماڭغاندىمۇ ئىككى رازۋېدچىك ياكى شۇيەرگە پىششىق ئىككى كىشى ئالدىدا كۆزىتىپ ماڭىدۇ، قالغانلار ئارىلىق تاشلاپ ماڭىدۇ.




دۈشمەنگە يېقىنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرگىمۇ پىكا، ئەرپىجى، قەنناسلارنى مۇداپىئەدە قويىدۇ. شۇيەردە تەرتىپلىك ئورۇنلىشىپ، ئىچكىگە قانداق كىرىشنى بىر قاتار مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، (يەنى ئىچكىگە ھۇجۇم قىلىپ يۇگۇرگەندە، كىم بۇرۇن يۇگرەيدۇ، كىم قەيەردە توختايدۇ.........شۇلارنى قىسقىلا ۋاقىت مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن) گۇرۇپپا مەسئۇلى جەڭ قوماندانىغا خەۋەر قىلىدۇ، قوماندان مۇداپىئە گۇرۇپپىسىغا بۇيرۇق قىلىدۇ، مۇداپىئە گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئورۇنغا مەسئۇل بولۇپ، شۇ ئورۇننىلا ئوققا تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ. مۇداپىئەچى گۇرۇپپا ئوق ئېتىشنى باشلىغاندا، ھۇجۇمچى گۇرۇپپا دۈشمەننىڭ قايسى تەرىپى كۈچلۈك، قايسى تەرىپى ئاجىز، شۇنى تەكشۈرىدۇ ۋە قايسى تەرىپىدىن كىرىشنى پىلانلىۋالىدۇ. (راز ۋېدكىنىڭ مەقسىتى دۈشمەننىڭ كۈچلۈك، ئاجىز جايلىرىنى بىلىش دېدۇق، ئەلۋەتتە جەڭ پىلانىنىمۇ رازۋېدكىدا دۈشمەننىڭ كۈچلۈك، ئاجىز ئورۇنلىرى ھەققىدە ئالغان مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تۈزىمىز ۋە بۇرادەرلەرنىمۇ شۇ بويىچە مەشقلەندۈرىمىز، قايسى تەرەپتىن كىرىشنىمۇ بۇرۇنلا بەلگىلىۋالىمىز. شۇنداق بولسىمۇ سىرتىدىن كۆرۈپ ئالغان مەلۇمات، بەزى ۋاقىتلاردا ئىچكىگە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ قايسى مۇداپىئەسىدىن بەكرەك ئوق چىقىۋاتىدۇ، شۇنى كۆزىتىمىز) كۆزەتكەندىن كېيىن، سىرتتا تۈزگەن پىلانغا ئوخشاش بولسا شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەگەر ئاجىز دېگەن تەرەپ كۈچلۈك ، كۈچلۈك دېگەن تەرەپ ئاجىز بولۇپ قالسا، تېزلا پىلاننى ئۆزگەرتىپ دۈشمەننىڭ ئاجىز تەرىپىدىن ئىلگىرىلەپ كىرىدۇ، ئەگەر دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىرىگە بىر يۈگرەپ چىقالىغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلىشىۋالالىغان بولسا، يۈگرەپلا

چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنچىلىك يېقىنلىشالمىغان بولسا، ئىككى ئادەم  ئوق ئېتىۋاتقاچ يۈگرەپ ئۆزى مۇداپىئەلىنەلىگۈدەك يەرگە بېرىپ ياتىدۇ. ياتقان يېرىدىمۇ دۈشمەن تەرەپكە ئوق ئاتقاچ، ئەمدى يۈگۈرسەم قەيەردە توختايمەن دەپ، ئۆزىگە مۇداپىئە بولغۇدەك ئورۇننى كۆزەتكەچ ياتىدۇ. كەينىدىن يەنە ئىككى ئادەم يۈگرەپ بۇرۇنقى ئىككى ئادەمنىڭ ئورنىغا كېلىدۇ. بۇرۇنقى ئىككى ئادەم يەنە ئالدىغا ئىلگىرىلەپ يۈگرەپ مۇداپىئە بولغىدەك يەرگە بېرىپ ياتىدۇ. ھۇجۇم گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاكى دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسىگە چىققانغا قەدەر مۇشۇ تەرتىپتە بىر-بىرىنى مۇداپىئە قىلىپ ئىلگىرىلەيدۇ.






دۈشمەننىڭ ئاجىز تەرىپىدىن يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، (يەنى ئوچۇقچىلىق بولسا) دۈشمەنگە سەزدۈرمەي يېقىنلىشىش شارائىتى بار تەرەپتىن يېقىنلىشىپ، ھۇجۇم گۇرۇپپىسىدىكى مۇداپىئەچىلەرنى، يەنى قەنناس، پىكا، RPG چىلارنى مۇداپىئەگە قويۇپ، ئاندىن دۈشمەننىڭ ئاجىز تەرىپىگە، ئۆزىمىزنى شۇيەردىكى تاش، ياكى يەرنىڭ ئويمان-چوڭقۇرلىرى دىگەندەك تەبئي مۇداپىئەلەر بىلەن مۇداپىئەلەپ، ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ يۈگرەپ دۈشمەننىڭ ئاجىز تەرىپىگە ئىلگىرىلەيمىز.



بۇ رەسىملەردە دۈشمەنىنىڭ ئورنىمۇ، مۇداپىئەچىلەرنىڭ ئورنىمۇ ئېگىزدە بولغانلىقى ئۈچۈن مۇداپىئەچىلەرنىڭ ئوقى ھۇجۇمچى گۇرۇپپىدىكىلەرگە تېگىپ كەتمەيدۇ، شۇڭلاشقا مۇداپىئەچىلەر مۇشۇنداق تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەگەر ھۇجۇمچىلارغا ئوق تېگىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولسا، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

دۈشمەن تەرەپكە ئىلگىرىلىگەندە ۋە مۇداپىئەسىگە ياماشقاندا قول بومبىسى ئېتىپ تۇرۇپ، دۈشمەنىنىڭ يان تەرىپىدىن (يەنى كۈچى ئاجىز بولغان ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن) ئىلگىرىلەيمىز، بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن مۇداپىئەچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىراقلا بىزگە ئوق ئاتالمايدۇ، چۈنكى دۈشمەنىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن چىقساق، دۈشمەن بىزگە نىسبەتەن ئۆزۈنىسىغا بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە بولۇپ قالىدۇ. ھۇجۇمچىلار دۈشمەن مۇداپىئەلىرىگە چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ھۇجۇم گۇرۇپپىسىدىكى مۇداپىئەچىلەرمۇ چىقىدۇ.

ئەسكەرتىش : دۈشمەن مۇداپىئەسىگە بەش-ئون مېتىر يېقىنلاشقان يەردە ياتمايمىز، بۇيەردە ياتساق دۈشمەن قول بومبىسى تاشلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن اللەقا تەۋەككۇل قىلىپ دۈشمەن مۇداپىئەسىگە يامىشىمىز، تەۋەككۇلنىڭ ئورنى مۇشۇ الله اعلم . چۈنكى قولدىن كېلىدىغان سەۋەپلەرنى قىلىپ بولدۇق. رازۋېدكا قىلدۇق، جەڭ پىلانىنى تۈزدۇق، شۇ جەڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇق، (جەڭ قىلماقچى بولغان ئورۇنغا ئوخشاش ئورۇننى تېپىپ مەشىق قىلدۇق) مۇداپىئەچى گۇرۇپپا ۋە زاپاس گۇرۇپپىلارنى قويدۇق ، دۈشمەنگە بەش-ئون مېتىر قالغۇچە ئېھتىيات بىلەن كەلدۇق، ئەمدى تەۋەككۇل قىلىش قالدى. الله مۇشۇنداق ۋاقىت ۋە مۇشۇنداق ئورۇنلاردا قەدەملىرىمىزنى سابىت قىلسۇن! دۈشمەنگە ئارقىمىزنى قىلماستىن، الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دۈشمەن تەرەپكە ئىلگىرىلىيەلىگۈدەك ئىمان جاسارەت ئاتا قىلسۇن امين!

ئەسكەرتىش: مۇداپىئە گۇرۇپپىسىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، مۇداپىئە گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قوراللىرىنىڭ ئوقى دۈشمەنگە يېتىدىغان، (ياخشى زەربە بېرەلەيدىغان) دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەلىرىنى ۋە ھۇجۇمچى گۇرۇپپىدىكىلەرنى ياخشى كۆرۈپ تۇرالايدىغان، ھۇجۇمچى گۇرۇپپىدىكىلەرنى ئېتىپ سالمايدىغان ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرىمىز.

**مۇسلىم ئۇستازنىڭ شىجائەت ھەققىدە قىلغان سۆزى:**

[بىز دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا بىزنىڭ يەيدىغان رىزقىمىز، قانچىلىك ياشىشىمىز، قاچان قەيەردە ھاياتىمىزنىڭ تۈگىشى پۈتۈلۈپ بولغان، ئەگەر بىزنىڭ رىزقىمىز تۈگىگەن ، مۇشۇ جەڭدە ياكى مۇشۇ ئەمەلىيەتتە شەھىد بولۇش پۈتۈلۈپ بولغان بولسا، بىز بۇ شاھادەتنى ناھايىتى گۈزەل رەۋىشتە، اللەقا ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈپ دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلىپ، الله يولىدا شىجائەت كۆرسىتىپ، بىزگە قاراپ كۈلگىدەك دەرىجىدە قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى. بىزنىڭ شىجائىتىمىز

ئۆلۈمنى تېزلەشتۈرمەيدۇ، قورقۇپ مۈكۈنۈۋېلىشىمىز، ئۆمرىمىزنى ئۇزارتمايدۇ. جەڭ ۋاقىتلىرىدا ۋە دۈشمەن ئىلگىرىلەپ كەلگەن ۋاقىتلاردا، بۇرادەرلەرگە اللەنىڭ ياردىمىنىڭ بىزگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، اللەنىڭ شەھىدلەرگە تەييارلىغان نېمەتلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق بۇرادەرلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈپ، سابىت تۇرۇشقا دەۋەت قىلىشىمىز كېرەك.

لېكىن شىجائەت دېگەنلىك، ئېهتىياتنى تۈتمايلا دۈشمەننىڭ ئوقىغا ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ بېرىش ئەمەس. بىز شىجائەت بىلەن قارامىلىقنى (يەنى ئېهتىياتسىزلىقنى)، قورقۇنچاقلىق بىلەن ئېهتىياتنى ياخشى پەرىقلەندۈرىشىمىز كېرەك.

الله بىزلەرنى شىجائەتلىك مۇجاھىدلاردىن قىلسۇن ۋە ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىنى ئۆزى رازى بولغان مەقبۇل شاھادەت قىلسۇن ئامىن.!] ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىدى

ئەسكەرتىش: بۇرادەرلەرنى جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن ۋە دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەندە، جەڭلەر قىززىغاندا، اللەنىڭ شەھىدلەرگە تەييارلىغان نېمەتلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈپ، جەڭدە سابىت تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىشىمىز كېرەك. لېكىن بۇ رىغبەتلەندۈرۈش - الله تائالا نىڭ مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقى، شەھىدلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە اللەنىڭ شەھىدلەرگە تەييارلىغان نېمەتلىرىنى سۆزلەش بىلەن بولۇشى، يەنى قۇرئان ـ سۈننەت بويىچە بولۇشى، پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرىنى قانداق رىغبەتلەندۈرگەن بولسا ۋە ساھابىلەر ئىسلام قوشۇنلىرىنى قانداق رىغبەتلەندۈرگەن بولسا، شۇنداق بولىشى كېرەك. ئەكسىچە مۇجاھىدلارنى «بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، تەييار لىقىمىز پۇختا، ئارىمىزدا كونىلار كۆپ، كاپىر دېگەن قاندىن قورقىدۇ، قورقۇنچاق، توپ قوراللىرىمىز سەرخىل، بىرنى ئۇرۇپ ئاۋۇ پوسنى، بىرنى ئۇرۇپ ماۋۇ پوسنى تۈزلىۋەتىمىز، سىلەر كىرىپ قالغانلارنى ئەسىر ئېلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ قوراللىرىنى يىغىپ چىقساڭلارلا بولىدۇ» دېگەندەك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياردەمنى ئۆزىمىزنىڭ قورالى، سانى، تېخنىكىسى، ئەمىرلىرى تەرىپىدىن كېلىدىغاندەك سۆزلەر بىلەن رىغبەتلەندۈرمەسلىكىمىز كېرەك. بۇنداق گەپ سۆزلەر جەڭلەردە مەغلۇبىيەتكە سەۋەپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ساھابىلەر ھۇنەين كۈنىدە سانىنىڭ كۆپلىكىگە، كۈچىنىڭ زورلىقىغا ئىشىنىپ قېلىپ بەزەن گەپلەرنى قىلىپ قويغان، الله تائالا شۇۋاقىتتىلا ئۇلارغا مەغلۇبىيەتنى يۈزلەندۈرۈپ ساۋاق بەرگەن.

قال الله تعالى ﴿ لَقَدۡ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٖ وَيَوۡمَ حُنَيۡنٍ إِذۡ أَعۡجَبَتۡكُمۡ كَثۡرَتُكُمۡ فَلَمۡ تُغۡنِ عَنكُمۡ شَيۡـٔٗا وَضَاقَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡأَرۡضُ بِمَا رَحُبَتۡ ثُمَّ وَلَّيۡتُم مُّدۡبِرِينَ ٢٥ ﴾ التوبة: ٢٥

الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۆنەيىن كۈنىدە (يەنى جىڭدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار [25].

بىز ساھابىلەرنىڭ شۇ ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۇنداق گەپ سۆزلەردىن يىراق تۇرساق غەلىبە نۇسرەتنى الله تىنلا كۈتۈپ جەڭگە كىرسەك إن شـــاءالله نۇسرەت قازىنىمىز. ئەگەر بىزمۇ شۇلار دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ قويساق، الله تائالا بىزلەرنىمۇ شۇلارنى تەربىيەلىگەندەك تەربىيەلەپ قويىدۇ، بۇ جىھاد مەيدانلىرىدا قايتىمۇ-قايتا كۆرۈلگەن ئىش. بىز قاچانكى غەلبىنى قورالىمىزدىن، سانىمىزدىن كۆرۈدىكەنمىز، الله شۇزامان كۆرسىتىپ قويىدۇ، ، الله تعالى بىزلەرنى بۇرۇنقىلارنىڭ خاتالىقلىرىدىن ئىبرەت ئالىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن.!

بىز ياردەمنى پەقەت الله تىنلا كۈتىشىمىز، الله تىنلا سورىشىمىز، ئاندىن باشقا سەۋەپلەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشىمىز كېرەك. الله تعالى بىزنى يوقلۇقتىن بار قىلغان، ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىكى ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيدىغان ۋاقىتتا، بىزنى تاشلىۋەتمەي رىزىقلاندۇرغان مېھرىبان زات الله

بۇجىھادنى بىزگە ئۆزى پەرز قىلغان. بىزمۇ جىھادنى الله رىزالىقى ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز ان شاءالله.
الله تائالا ئۆز بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنى ھەرگىزمۇ ياردەمسىز تاشلىۋەتمەيدۇ ۋە ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىز الله نىڭ يولىدىلا بولىدىكەنمىز، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرىدىكەنمىز، غەلىبە-مەغلۇبىيەتنىڭ الله نىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ياردەمنى الله تىنلا سورايدىكەنمىز، بىز غالىپ ان شـــاءالله ، چۈنكى بىز ھەممىدىن غالىپ، ھەممىگە قادىر، پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان الله تبارك وتعالى نىڭ قوشۇنى.

﴿ وَإِنَّ جُندَنَا لَهُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴿١٧٣﴾ ﴾ الصافات: ١٧٣

بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر

**بىز يۈقىرىدا سۆزلىگەن، قائىدىلەرنىڭ پايدا-زىيانلىرى**

ئەگەر بىزنىڭ يىراق ۋە يېقىندىكى مۇداپىئەچى گورۇپپىمىز دۈشمەننىڭ قايسى مۇداپىئەسىدىن ئۇتۇق چىقسا، شۇ مۇداپىئەسىگە ئۇنۇملۇك ئوق ئېتىپ بېرەلىسە، ھۇجۇمچى گورۇپپىدىكىلەرمۇ ئوق ئاتقاچ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلغان ھالدا توختاۋسىز ئىلگىرىلىسە، سەۋەپ ئۇختىسىدىن ئېلىپ

ئېيتقاندا دۈشمەن بىشنى ان شـــاءالله كۆتۈرەلمەيدۇ. ھۇجۇمچى گۇرۇپپىدىكىلەر الله نىڭ ئىزنى بىلەن دۈشمەندىن كۆپ تالاپەت يېمەي ۋە كۆپ قارشىلىققا ئۇچرىمايلا دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەسىگە چىقىۋالالايدۇ.

ئەمدى ئويلاپ باقايلى، بىز رىباتتا تۇرىۋاتقان ئورۇنغا دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار بىزگە قارشى مۇداپىئەچى گۇرۇپپىسىنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇردى، زاپاس گۇرۇپپىنىمۇ ئالدىن تەييار قىلىۋالدى، ھۇجۇمچى گۇرۇپپىسىمۇ بىزگە سەزدۈرمەيلا يېقىنلىشىپ ئۈلگۈردى، دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئە گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىزنىڭ ھەربىر مۇداپىئەيىمىزگە قارشى ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن كۆپرەك مۇداپىئەسىدىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى، ھۇجۇمچى گۇرۇپپىسى ئىلگىرىلەپ چىقىۋاتىدۇ، بىزنىڭ مۇداپىئەلىرىمىزگە دۈشمەن مۇداپىئەچى گۇرۇپپىسى توختىماي ئوق ئېتىۋاتىدۇ، بىز دۈشمەنىنىڭ بىر مۇداپىئەسىگە ئوق ئېتىپ توختاتساق يەنە بىرسى داۋاملىق ئوق ئېتىۋاتىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا، بەزىلىرىمىز بېشىمىزنى كۆتۈرەلىسەكمۇ، باشقىلىرىمىز بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ دۈشمەن مۇداپىئەسىگە ئوق ئاتالىغان تەقدىردىمۇ، بىز تەرەپكە ئىلگىرىلەۋاتقان ھۇجۇمچىلارنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى ياخشىلاپ كۆرەتتىپ، ئاتالىغۇدەك ھالىمىز قالمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭغا دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئە گۇرۇپپىسى پۇرسەت بەرمەيدۇ، بىز دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئە گۇرۇپپىسى بىلەن تىركىشىپ تۇرغان شۇ ھالەتتە، ھۇجۇمچى دۈشمەن بىزدىن كۆپ قارشىلىق كۆرمەيلا يېقىن كېلىپ قول بومبىسى تاشلىسا، بىزنىڭ خىيالىمىزغا نېمىلەر كېلىپ كېتەر؟ قول بومبىسى، دۈشمەنىنىڭ 20-30 مېتىر يېقىنلىشىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بىز بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەيۋاتىمىز، دۈشمەن بىزدىن ئانچە قارشىلىق كۆرمەيلا يېقىنلىشىۋالسا ۋە يان تەرىپىمىزدىنلا مۇداپىئەيىمىزگە چىقىپ مۇداپىئەدىكىلەرنى ئېتىشقا باشلىسا، اللەنىڭ جامالىنى كۆزلەپ، شەھىدلىككە ئاشىق بولۇپ جەڭ قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ قەلبىگە قانداق قورقۇنچ چۈشەر؟ بەلكىم، قاچان ئەمىر چېكىنىڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەركىن دەپ، كۆزىمىز تۆت بولۇشى مۇمكىن، بۇ كۈندىن الله ساقلىسۇن!

بىزنىڭ قەلبىمىزگە شۇنچە قورقۇنچ چۈشكەن يەردە، ئەگەر يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن سەۋەپلەرنى چىڭ تۇتۇپ ، پەقەت قورالىمىزغا، كۈچىمىزگە ۋە تەييارلىقىمىزغىلا ئىشىنىپ قالماستىن الله قا تەۋەككۇل قىلىپ، يېلىنىپ كاپىرلارنىڭ ھالاكىتىنى سوراپ دۇئا قىلغان ھالەتتە رەببىمىزگە تەۋەككۇل قىلىپ جەڭگە ئاتلانساق، دۇنيادا راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان شەيتانىنىڭ قوشۇنلىرى بولغان كاپىرلار قورقماسمۇ؟! بىز ئۇلارنىڭ مۇداپىئەسىگە يېقىنلىشىپ بومبا تاشلىساق، سىزنىڭچە ئۇلار بىزنىڭ ئۆلسەك شەھىد، قالساق غازى دەپ ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى كەلمىگۈچە چېكىنمەي تۇرغىنىمىزغا ئوخشاش، مائاشىمنى ئۆستۈرۈپ بىرەرمىكىن دەپ ئۆز جايىدا مەزمۇت تۇرالارمۇ؟

ان شـــا الله بىز سەۋەپلەرنى جايىدا تۇتساق، اللەقا تەۋەككۇل قىلىپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرساق، ھەرۋاقىت اللەقا يېلىنىپ دۇئا قىلىپ تۇرساق ۋە قوراللىرىمىزغا، تەييارلىقلىرىمىزغا، ئارتۇقچە ئىشىنىپ قالمىساق؛ ھۇنەيىن كۈنى بەزى ساھابىلەر دەپ سالغاندەك گەپ ـ سۆزلەردىن ساقلانساق، ان شـــاءالله بۇكاپىرلار قارشىمىزدا ئۇنداق مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ، چۈنكى بىز ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى، پۈتۈن ئىشلارنى كونترول قىلغۇچى، ھەر نەرسىگە قادىر الله عزوجل

نىڭ قوشۇنلىرى، بىز بىلەن الله بىرگە، ئۇلار شەيتان لعنت الله عليه نىڭ قوشۇنلىرى، ئۇلار بىلەن شەيتان بىرگە.

﴿ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱلطَّٰغُوتِ فَقَٰتِلُوٓاْ أَوۡلِيَآءَ ٱلشَّيۡطَٰنِۖ إِنَّ كَيۡدَ ٱلشَّيۡطَٰنِ كَانَ ضَعِيفًا ﴿٧٦﴾ ﴾ النساء: ٧٦

مۆمىنلەر الله يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتانىنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتانىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتانىنىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر [76].

يەنە بىر مىسال: مەلۇم بىر ئەمەلىيەتنى بىز سۆزلەپ ئۆتكەن جەڭنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە-تەرتىپلىرى بىلەن قىلماي، مۇنداق قىلدۇق دەپ پەرەز قىلايلى، ئەمەلىيەتتىن ئاۋۋالقى جەڭ رازۋېدكىسىنى، دۈشمەننىڭ قايسى مۇداپىئەسىدە قايسى قورالى بار، قانچە مۇداپىئەسى بار، مۇداپىئەلىرى قەيەردە...... بۇلارنى تەپسىلى ئېنىقلىمايلا، ئاجىز-كۈچلۈك ئورۇنلىرىنى تەپسىلى كۆزەتمەيلا، پالانى يەردە زۇكىيىكى، پوكونى يەردە شالاكاسى بار دەپلا ئاددىغىنا قىلايلى ۋە ئەمەلىيەتكە قاتنىشىدىغانلارنى جەڭدىن ئاۋۋال بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، بىر ئامال قىلىپ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كۆرسەتمەستىن، ۋاقىت مۇناسىۋەتتى ياكى باشقا سەۋەپلەرنى باھانە قىلىپ، تاغ چوققىسىدا تۇرۇپلا كۆرسىتىپ قويايلى، جەڭ قىلماقچى بولغان ئورۇننىڭ مۇدىلىنىمۇ ياسىمايلى، خەرىتىسىنىمۇ كۆرسەتمەيلى، شۇ جەڭ مەيدانىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان يەرنى تېپىپ ياكى تەييارلاپ مەشىقلەندۈرۈشنى ئارتۇقچە ئىش دەپ قاراپ بۇنىمۇ قىلمايلى، جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن، دۈشمەننىڭ ھەر بىر مۇداپىئەسىگە كەم دېگەندە ئىككىدىن مۇداپىئەنىمۇ بىر سەۋەپلەر بىلەن قويمايلى (لېكىن بۇ مۇداپىئەنى قويماسلىقتا ئادەم ئازلىقى باھانە بولالمايدۇ، ئويلاپ بېقىڭ، بىر پوستتا قانچىلىك مۇداپىئە بولماقچى؟ كۆپ بولسا چوڭ مۇداپىئەدىن ئۈچ-تۆتى، كىچىك مۇداپىئەلەردىن بەش-ئالتىسى بولىشى مۇمكىن، دۈشمەننىڭ ئون مۇداپىئەسىگە قارشى ھېچ بولمىغاندا 15 مۇداپىئەمۇ قويالامدۇق ؟ دۈشمەننىڭ بىر مۇداپىئەسىگە ئون ئادەم قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق، چوڭ مۇداپىئەسىدىن بىرسىگە ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم بىلەن داشاكا ، زۇكىيەك ياكى توپ قورالىدىن بىرنى قويساق بولدى، كىچىك مۇداپىئەلىرىگە پىكا ياكى قەنناس، ئەگەر مۇساپىسى يېقىن بولسا ئاپتومات قويۇپ، دۈشمەننىڭ ھەربىر مۇداپىئەسىنى بىر ياكى ئىككى ئادەمگە بۆلۈپ بەرسەكلا بولىدۇ)، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىرىگە پەقەت بىر نەچچە قورالنى قويۇپ قويايلى، ئادەم ئاز دەپ زاپاس گۇرۇپپىنىمۇ تەييارلىمايلى (ئەسلىدە ئادەم ئاز بولسا ئازراق قويساق بولىدۇ). دۈشمەنگە سەزدۈرمەي يېقىنلاشقان ئورۇنغىمۇ مۇداپىئەگە ئادەم قويمايلى. ئەمدى جەڭنى باشلىۋەتتۇق، ئىلگىرىلەپ مېڭىۋاتىمىز ، دۈشمەننىڭ بەزى مۇداپىئەسىگە بىزنىڭ مۇداپىئەدىكىلەر ئوق ئېتىپ بەردى، بەزىلىرىگە مۇداپىئە قويمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلار بىزنى ئوققا تۇتتى، بۇرادەرلەر شەھىد بولدى ياكى يارىدار بولدى، ئەمدى بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش

كېرەك، زاپاس گۇرۇپپىمىزمۇ يوق، شەھىد بولسىغۇ مەيلى، يارىدار بولسا، زاپاس گۇرۇپپا يوق دەپ بۇرادەرلەرنى تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ، ھۇجۇمغا 15 ئادەم كىردۇق ئىككى ئادەم شەھىد ياكى يارىدار بولدى، ئاز ھىساپلىغاندا ئىككىدىن تۆتكىچە ئادەم ئىككى يارىدارنى توشۇيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ھۇجۇم گۇرۇپپىسىنىڭ يېرىمى يارىدار توشۇپ چىقىپ كېتىدۇ، ھۇجۇمدىكىلەرگە ئوق ئېتىۋاتقان دۈشمەننى كاشىلا قىلىدىغانغا بىزنىڭ مۇداپىئەچى گۇرۇپپىمىز توشمايدۇ، ئەمدى ھۇجۇمدىكىلەر قانداق قىلىدۇ ؟ مۇداپىئەنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغىلى بولمىغاندىكىن، نەدە مۇداپىئە بولسا شۇيەردە يېتىپ ئاتىدۇ، دۈشمەننىڭ ئالدىدا مۇداپىئەسى بار، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن بېشىمىزنى تىقىپ تۇرۇپ ئاتقان ئوقىمىز دۈشمەنگە زەربە بېرەلمەيدۇ، دۈشمەن چېكىنمىسە بىز ئىلگىرىلىيەلمەيمىز، دۈشمەننىڭ بېسىپ قويغان ئوقلىرى بار ئېتىۋېرىدۇ، بىزنىڭ كۆتۈرۈپ كىرگەن ئوقلىرىمىز تۈگىسە، ئوق تۇشۇيدىغان زاپاس گۇرۇپپا يوق، قوماندان ئەھۋالىمىزنى ئۇقۇپ ئوق تەييارلاپ، ئۇنى ئەكىرىپ بېرىدىغانلارنى تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغۇچە، ھۇجۇمغا كىرگەنلەر تۇرۇپ بولالمايمىز، كېچىسى كىرگەن بولساق تاڭ ئېتىپ بولىدۇ، دۈشمەنگە ياردەم كېلىدۇ، كۈندۈزى دۈشمەننىڭ قەنناسچىلىرى باشنى كۆتۈرگۈزمەيدۇ، ئاخىرىدا شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپ بولۇپ چېكىنىپ چىقىشىمىز مۇمكىن.

جەڭگە كىرگەنلەرمۇ ئۈستىدىكى مىسالدىكىدەك ھېچقايسى ئىشنى قىلمايلا كىرمەس بەلكىم.

بوپتۇ شۇ سەۋەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاز بىر قىسمىغا ئەمەل قىلمايلى دەيلى، شۇ سەۋەپتىن كەلگەن مۇسىبەتلەرگە كىم مەسئۇل!؟

ئافغان مۇجاھىدلىرى روسقا قارشى جىھاتتا دەسلەپتە ئەرپىجى ئېتىشنىمۇ بىلمەيدىكەنتۇق، شۇنچە تەرتىپسىز جىھاد قىلىپمۇ اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن غەلىبە قىلدى. بىر جەڭ ئۈچۈن شۇنچە قىلىپ كەتكەن بارمۇ دېيىشمىز مۇمكىن، بۇ خاتا چۈشەنچە، ھەركىم ئۆز تاقىتىدىن سورىلىدۇ، ئۇ ۋاقتىتىكى مۇجاھىدلار بىلمەيتتى، بىلىدىغىنىنى قىلىپ، اللەقا تەۋەككۇل قىلىپ جىھاد قىلدى، گەرچە ئۇلار بىلمىسىمۇ جىھادنى تاشلىماي داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن الله ئۇلارغا نۇسرەت بەردى، شۇ مۇجاھىدلارنىڭ قانلىرى بەدىلىگە بۇ ئىلىملەر، تەجرىبە-ساۋاقلار بىزگە يېتىپ كەلگەن، بىز ئۇستازلاردىن ئاڭلىغان، مۇجاھىدلار ئەرپىجى ئېتىشنى بىلمىگەن ۋاقتىتا، ئەرپىجىنى قورساققا دېيەپ ئېتىپ، يەنە باشقا خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېتىپ بېقىپ، نەچچە بۇرادەر شەھىد بولۇپ ئاندىن ئۆگۈنۈپتىكەن. بىز ھازىر ئەرپىجىنى قورسىقىمىزغا دېيەپ ئاتمايمىز، چۈنكى بۇنى مۇجاھىدلار سىناق قىلىپ بولغان.

بۇ كىتاپتا سۆزلەنگەن رازۋېدكا قىلىش، بىخەتەر يول يۈرۈش، پىستىرما قويۇش، جەڭ پىلانى تۈزۈش، ھۇجۇم قىلىش، مۇداپىئە قىلىش قاتارلىق بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى، سابىق مۇجاھىد ئۇستازلىرىمىزنىڭ قانچە قېتىملاپ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزىشى، ئاچچىق ساۋاقلىرى،

تەكرار- تەكرار جەڭ مەغلۇبىيەتلىرىدىن كېيىنكى كۆز ياشلىق، قانلىق خۇلاسىسىدىن يەكۈنلىنىپ نەزىرىيەلەشكەن. ئەمدى بىز پەقەت ئەنە شۇ بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە تەرەققى قىلدۇرۇپ جىھادى ئەمەلىيەتلىرىمىزدە قوللانساق، ئاز چىقىم تارتىپ كۆپ پايدىغا ئېرىشەلەيمىز. بولمىسا بىزمۇ ئىلگىركىلەرگە ئوخشاش ھەر بىر بىلىم، تەجرىبىلەرنى مەغلۇبىيەت، مۇسىبەت ۋە قۇربانلىقلاردىن كېيىن يەكۈنلەپ چىقىمىز.

مۇئمىن زېرەك بولىدۇ ، بىر چېقىلغان تۆشۈككە قايتا قولىنى تىقمايدۇ.

# مۇداپىئە

بىز بىرەر ئورۇنغا ياكى بىرەر مەركەزگە ئورۇنلاشساق، بىرىنچى قىلىپ ئەگەر دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا (بىز تۇرىۋاتقان مەنتىقىگە يەردىن ئىلگىرىلەپ كەلسە ياكى بىزنىڭ مەركەزلىرىمىزگە ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاپ قالسا)، بىز چوقۇم ئالدىن قانداق مۇداپىئەلىنىمىز؟ دۈشمەننى قانداق چېكىندۈرىمىز؟ دېگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا تەپسىلى پىلان تۈزىۋېلىشىمىز ۋە شۇ پىلان بويىچە بۇرادەرلەرنى گۇرۇپپىغا بۆلىۋېلىپ، ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلدۈرۈپ قويىشىمىز كېرەك. (يەنى ئەگەر كۈتۈلمىگەن ئەھۋال بولسا پالانى گۇرۇپپا پوكونى يەرگە بېرىپ مۇنۇ ئىشنى قىلىدۇ دېگەندەك) ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، كۈتۈلمىگەن ئەھۋال بولۇپ قالسا، جىددىيچىلىكتە پىلان تۈزۈپ بولغىلى بولمايدۇ. كىمنىڭ قەيەرگە بېرىشىنى، نېمە ئىش قىلىشىنى بىلەلمەي، بىر يەرگە توپلىشىپ قالىدىغان ياكى چېچىلىپ كېتىدىغان ئىش چىقىدۇ. جىددىيچىلىكتە ئىشنى تەرتىپكە سېلىپ بولغىچە بەزى مۇسىبەتلەر يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى رىبات ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشايلى ياكى بىرەر مەنتىقىگە ئورۇنلىشايلى ۋە ياكى مەركەزلەرگە ئورۇنلىشايلى، ئورۇنلاشقان زامانلا بىرەر جىددى ئەھۋال بولۇپ قالسا نېمە ئىش قىلىش توغرىسىدا پىلان تۈزىۋالساق ياخشى.

| مۇداپىئەنىڭ تۈرى | مۇداپىئەلەرگە قارشى قوللىنىدىغان قورال | قورالنىڭ نورمال مۇساپىسىدە بېرىدىغان ئۈنۈمى | مۇداپىئەدىكى دۈشمەننىڭ ئۆلۈپ ياردار بولۇشى، ياكى مۇداپىئەنى تاشلاپ قېچىشى |
|---|---|---|---|
| تاش  | داشاكا ياكى ئەرپىجى | 100% | 100% |
| كېسەك  | ئەرپىجى ياكى زەمبىرەك 73 | 100% | 80% |
| توپا  | ئەرپىجى | 80% | 60% |
| ياغاچ  | داشاكا ياكى پىكا | 100% | 90% |
| خالتا  | داشاكا ياكى ئەرپىجى | 100% | 60% |
| ئۆي  | تانكا ياكى باشقا توپ قوراللار | 100% | 60% |
| تۆرتۈلگەن توپا  | ھاۋۇن ياكى نارنجەك ( ags) يەنى پۈتۈن يايسىمان ئوق ئاتىدىغان قورال | 90% | 70% |
| بېتون  | ئەرپىجى، ھاۋۇن ياكى داشاكا | 80% | 80% |
| ئالدىغا توپا دۆۋىلەنگەن خەندەك  | ھاۋۇن ياكى نارنجەك يەنى پۈتۈن يايسىمان ئوق ئاتىدىغان قورال | 50% | 30% |
| خەندەك  | ھاۋۇن ياكى نارن جەك يەنى پۈتۈن يايسىمان ئوق ئاتىدىغان قورال | 20% | 20% |

جەدۋەلدىكى نەزىرىيەنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكەن، لېكىن بۇ ھەر ۋاقىت مۇشۇنداق بولىدۇ ياكى مۇداپىئەلەرگە پەقەت، ئۇستىدە سۆزلەنگەن قورالنىلا ئاتىمىز دېگەنلىك ئەمەس. مەقسەت شۇكى- قانداق مۇداپىئەلەرگە قارشى، قانداق قورالنى ئاتساق ياخشى بولىدىغانلىقنى بىلىۋېلىش. چۈنكى خالىغان مۇداپىئەگە قارشى خالىغان قورالنى ئاتساق ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

مەسىلەن: خەندەككە تانكا ئاتساق ياخشى تەگمەيدۇ، تەگسىمۇ ئانچە تەسىرى بولمايدۇ. ئۆيگە ئاپتۇمات، پىكالارنى ئاتساقمۇ ئانچە تەسىر قىلمايدۇ.

بىز بۇ نەزەرىيەلەرگە قاراپ دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئەلىرىگە قارشى قورال تاللىغىنىمىزدەك، مۇشۇ نەزەرىيەلەرگە ئاساسلىنىپ ئۆزىمىزگىمۇ مۇداپىئە ياسايمىز.

تاش ۋە كېسەك مۇداپىئە: تاش ۋە كېسەكلەر ياخشى مۇداپىئە بولالمايدۇ، بۇنى رىبات ئورۇنلىرىدا قەتئىي ئىشلەتمىسەك ياخشى، چۈنكى بۇ پىكا، داشاكا، ئەرپىجىلارنىڭ ئوقلىرىغا، شۇ قوراللارنىڭ نورمال مۇساپىسىدىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئەگەر توپ قورال ئېتىپ قالسا، تاش ۋە كېسەكلەر شازايى بولىدۇ، بۇنىڭ زىيىنى ئەمەلى كۆرۈلگەن، لېكىن بۇلاردىن ۋاقتىنچە پايدىلانساق بولىدۇ. مەسىلەن: رازۋېدكىدا ماسكىروپكىنى ياخشى قىلىپ (تەبىئى مۇھىت رەڭگىگە مۇۋاپىق كىيىنىپ)، تاش تام، كېسەك تام، بېتون تام، دېگەندەك مۇداپىئەلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، (شۇ تامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ كۆزەتمىسە كۆزنەتەلمىسە)، كۆزەتسەك بولىدۇ. جەڭلەردە ئىلگىرىلىگەندە ياكى چېكىنگەندە، دۈشمەنىنىڭ ئوقىغا، كۆرىشگە دالدا بولالايدىغان ھەر قانداق مۇداپىئە بولسا ئىشلەتسەك بولىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا باشقىسى قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، بۇ چاغدا تاش مۇداپىئە بولسىمۇ الله قا شۈكرى، تۈزلەڭلىكتە قالغاندىن ياخشى، لېكىن ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ، يۆتكۈلۈپ تۇرۇش كېرەك.

توپا مۇداپىئە: تاش، كېسەك، بېتونغا قارىغاندا بىر ئاز ياخشى، لېكىن ئامال بار مۇقۇم تۇرىدىغان رىباتلاردا ئىشلەتمىسەك ياخشى، ئاجىز مۇداپىئەلەردە تۇرۇپ دۈشمەنىنىڭ توپ، قەنناس ۋە باشقا قوراللىرىدا بۇرادەرلىرىمىزنىڭ شەھىد، يارىدار بولغىنىدىن كۆرە، تەس بولسىمۇ خەندەك كولاپ مۇداپىئەلىرىمىزنى مۇستەھكەملەپ، ياخشىراق مۇداپىئە ياساپ تۇرساق ياخشى، بۇنداق قىلساق اللەنىڭ «ئېھتىياتچىلارنى تۇتۇڭلار»- دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلىپ ئەجىر ئالىمىز ۋە دۈشمەنىنىڭ ئوقلىرىنى ئىسراپ قىلالايمىز، تىرىشچانلىقلىرىنى يوق قىلالايمىز.

**ئۇستازنىڭ نەسىھىتى ۋە باشقا نەسىھەتلەر:**

[بۇ دېگەن جەڭ مەيدانى، شەھىد، يارىدار دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ. دۈشمەن بىزنى ئاتىدۇ، بىز دۈشمەننى ئاتىمىز، بۇ تەبىي ئەھۋال. ئۆلسەك شەھىد، قالساق غازى دەپ ئېھتىيات سەۋەپلىرىنى تۇتۇشقا سەل قارىمايلى ۋە ئېھتىياتنى تۇتۇشنى قورقۇنچاقلىق دەپ ئويلىمايلى. توغرا، بۇ جەڭ

مەيدانى، جەڭدە شەھىد، يارىدارلار بولىدۇ. شەھىد، يارىدارلار بولىدىغان جەڭنى بىزگە پەرىز قىلغان الله، تەييارلىقنىمۇ، ئېھتىياتنىمۇ بىزگە پەرىز قىلغان. بىزگە رىسالەتنى يەتكۈزگەن زات ئۆز ئەمەلىيتى بىلەن خەندەك كولاپ، جەڭگە قوش ساۋۇت كىيىپ چىقىپ دۈشمەندىن قانداق مۇداپىئە قىلىشنى ۋە ئېھتىيات قىلىشنى ئۆگەتكەن.

رىباتتا «شجائەت» ئەسقاتمايدۇ، ئېگىشىپ ئۆتىدىغان يەردىن شجائىتىمىز تۇتۇپ ئۆرە ئۆتسەك، ئىچىدە تۇرۇپ كۆرنىدىغان يەردە بېشىمىزنى چىقىرىپ كۆزەتسەك، بىزنىڭ شجائىتىمىزدىن كاپىرلار قورقۇپ پوستىنى تاشلاپ قاچمايدۇ. «ئورنىمىزنى ئاشكارىلىساق بولمايدۇ، بىخەتەرلىك سەۋەپلىرىنى تۇتايلى» دېيىلسە، كاپىردىن نېمانچە قورقىمىز دەپ، ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلساق، بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قېنىنىڭ بىھۇدە تۆكىلىشىگە، بىخەتەرلىكنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەپ بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. قانداقسىگە سەۋەپچى بولىمىز دەمسىز؟ باشقا بۇرادەرلىرىمىز رىباتقا بېرىپ كېلىشتە ياكى خەندەككە كىرىپ چىقىشتا دۈشمەن كۆرۈپ قالمىسۇن، ئورنىمىزنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ بېشىنى پەسلەپ ماڭسا، بىز ئېگىشىپ مېڭىشتىن ئېرىنىپ، كاپىردىن قورقۇپ نېمە كەپتۇ دەپ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ماڭىمىز. بىزغۇ خەتەرلىك ئورۇندىن ئۆتۈپ كېتەرمىز، بىزنىڭ شجائىتىمىز سەۋەپلىك، دۈشمەن بىزنىڭ ئۆتىدىغان يولىمىزنى بىلىپ قېلىپ، باشقا بۇرادەرلىرىمىز شۇ يەردىن ئۆتىۋاتقاندا، دۈشمەن ئوققا تۇتۇپ شەھىد ياكى يارىدار بولسىچۇ؟ «بۇرادىرىمىز رەھىمەھۇللاھ ياخشى بۇرادەرتى اللهقا يارىغان ئوخشايدۇ، تەقدىر دېگەن شۇ-دە، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ماڭسام ھېچ گەپ يوق، ماۋۇ بۇرادەر ئېگىشىپ ماڭسىمۇ ئۇرۇۋېتىپتۇ» دەمدۇق؟ توغرا الله تەقدىر قىلغىنى بولىدۇ، لېكىن بىز قەدەرگە ئېسىلىۋالىدىغانلاردىن ۋە قەدەرگە تانىدىغانلاردىن ئەمەس. بۇرۇن دۈشمەن بىزنىڭ ئۇ يەردىن ماڭىدىغانلىقىمىزنى بىلمەي ئاتمىغاندۇ، بىز ئۆرە ماڭغاندىن كېيىن بايقاپ قېلىپ شۇ يەرگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، باشقا بۇرادەر ئېھتىيات بىلەن ماڭسىمۇ ئۇرۇۋەتكەندۇ، ئەگەر راستىنلا بۇرادەرنىڭ شەھىد ياكى يارىدار بولۇشى بىز سەۋەپلىك بولغان بولسىچۇ؟ بۇ دۇنيادا تەقدىر، دەپ ئۆتۈپ كېتەرمىز، الله نىڭ ئالدىغا بارغاندىچۇ ؟ بىز سەۋەپلىك شېھىد بولۇپ كەتكەن بۇرادەر ھەققىدە بىزدىن سورىسا نېمە دەيمىز؟ بۇرادەرلەر ئېھتىيات قىلىدىغان يەردە، ئېھتىياتنى تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە لازىم تۇتايلى! رىبات ئورنى مۇداپىئەدە تۇرماي ئوچۇقچىلىقتا تۇرۇپ، «شجائەت» كۆرسىتىدىغان ئورۇن ئەمەس، بىز كاپىردىن قورقمايمىز دەپ، ئوچۇقچىلىقتا تۇرساق بىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، بىزنىڭ بۇ «شجائىتىمىز»نى كۆرۈپ بۇرادەرلىرىمىز ئىلھاملىنىپ، رىغبەتلىنىپ، مەنىۋىيتى كۆتۈرلۈپمۇ قالمايدۇ، بەلكىم، ئوچۇقچىلىقتا تۇرغىنىمىزنى كۆرگەن دۈشمەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ بىزنى ئاتسا، بىز شەھىد بولساق ياكى يارىدار بولساق، بۇرادەرلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيتى سەل چۈشىشى مۇمكىن. چۈنكى، رىبات بىر-ئىككى كۈنلۈك ئىبادەت ئەمەس، (جەڭ يىلدا ئىككى- ئۈچ قېتىم بولۇشى مۇمكىن، لېكىن رىبات ھەر كۈنى بولىدۇ، بىز «كاپىردىن قورقمايمىز» -دەپ ئېھتىيات قىلمىساق، قولىمىزدىن كېلىدىغان ئېھتىيات سەۋەپلىرىنىمۇ تۇتمىساق، شۇ تۇپەيلىدىن رىبات ئورنىدىلا شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپرەك بولۇپ

كېتىشى مۇمكىن. دۈشمەن ئۈۋىسىدىن چىقمىسا بىز ئاتالمايمىز، ئاتساقمۇ ئۇلارنىڭ سانى كۆپ، پۇل ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىدىغان ياللانمىلارنىڭ ئۇلارغا نىسپەتەن ئۇنچە قىممىتىمۇ يوق) بىر يىلنى مىسال قىلىپ باقايلى- بىر يىل ئىچىدە، مەلۇم بىر رىباتتا ئون مۇجاھىد شەھىد بولدى، شۇ رىباتتا تۇرغان بۇرادەرلەر دۈشمەندىن 20 نى ئۆلتۈردى، بۇ رىباتتا ئىككى-ئۈچ يىل تۇردۇق، فەتىھ بولمىدى، شەھىد، يارىدارلار بولىۋەردى. بۇ ئەھۋالدا بۇرادەرلەرنىڭ مەنىۋىيىتى بىزنىڭ «شىجائىتىمىز» سەۋەپلىك پەسكويغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. رىباتتا «جاسارەت» كۆرسىتىپ، ئوچۇقچىلىقتا تۇرۇپ دۈشمەنگە زىيان سالغىلى بولمايدۇ، بەلكى رىبات نۇقتىلىرىمىزنى مەخپى تۇتۇش ۋە مۇداپىئەلىرىمىزنى مۇستەھكەملەش، ئېھتىياتلىرىمىزنى تۇتۇپ دۈشمەن بىلەن سەبىردە بەسلىشىش بىلەن ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ۋە پىلانلىرىنى يوققا چىقىرالايمىز، ئوقلىرىنى زايە قىلالايمىز ۋە زېرىكتۈرەلەيمىز. بإذن الله

مەن شېھىد يا يارىدار بولماي، ھېچ قۇربانلىقسىز جىھاد قىلايلى، قۇربانلىق بەرمەيلا دۇنيانى فەتىھ قىلايلى دېمەكچى ئەمەس. ئۇنداق قىلىش ھەم قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئېھتىياتنى تۇتۇشىمىز ئۆمرىمىزنى ئۇزارتالمايدۇ، لېكىن بىز ئېھتىياتىمىزنى تۇتۇشقا بۇيرۇلغان، مەن بۇ يەردە پەقەت، جىھادنى الله بۇيرىغاندەك، پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلىرى قىلىپ كۆرسىتىپ قويغاندەك قىلايلى دېمەكچى.

بىز ئېھتىياتنى ھەر قانچە تۇتساقمۇ شەھىد، يارىدارسىز جەڭ قىلالمايمىز، لېكىن بىزنىڭ مەقسىتىمىز، تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە چىقىمنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ۋە دۈشمەنگە كۆپ تالاپەت يەتكۈزۈش. بىز سەۋەپ، تەۋەككۈل، تەقدىر  ھەممىنى تەستىقلايمىز، بىرسىگىلا ئېسىلىۋالمايمىز.

بىز جىھادنى الله پەرز قىلغانلىقى ئۈچۈن قىلىمىز، ئېھتىياتنىمۇ الله بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن قىلىمىز، ھەر ئىككىلىسى ئىبادەت.

شىجائىتىمىز ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا پايدا يەتكۈزمەكچى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرمەكچى بولساق، جەڭ قىزىغان، كۆپىنچە مۇجاھىدلار الله  ئىنسانىنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان قورقۇنچ سەۋەبىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتقان ۋاقىتتا، الله اكبر دەپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلىپ كىرىپ كېتەيلى! بۇنىڭ بىلەن قورقۇنچ بېسىپ بېشىنى كۆتۈرەلمىگەن مۇجاھىتلارغا ئۈلگە بولىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە، قەلبىدىكى قورقۇنچىسىنىڭ ئازراق بولسىمۇ يوقىشىغا سەۋەپ بولۇشىمىز، اللەنىڭ دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ سېلىپ بېرىشى بىلەن، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن كاپىرلارنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ چۈشىشىگە، ھەمدە مۇسۇلمانلارغا غەلبىنىڭ يۈزلىنىشىگە سەۋەپ بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. راستىنلا شىجائىتىمىز ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا پايدا يەتكۈزمەكچى بولساق، دۈشمەن شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ كەلگەندە، مۇجاھىدلار چېكىنىۋاتقاندا ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ كىتەيلى! بەلكىم چېكىنىۋاتقان مۇجاھىدلار قايتىدىن روھلىنىپ دۈشمەنگە يۈزلىنەر.

الله ھەممىمىزنى شجائەتنى توغرا چۈشۈنۈپ، جاسارىتىنى ئۆز يولىدا جارى قىلدۇرالايدىغان مۇجاھىدلاردىن قىلسۇن!

بىز ھورۇنلۇق قىلىپ، سەل قاراپ ياكى «جاسارىتىمىز» ئۇرغۇپ، ئېھتىياتنى لازىم تۇتماي، شۇ سەۋەپتىن بۇرادەرلەرگە بىرەر زىيان يەتكەن بولسا، الله تائالا بىزدىن سوراق ئالسا، جاۋاپ بېرەلمەيمىز. بىز سەۋەپلىك قېرىنداشلىرىمىزغا زىيان يېتىپ قېلىشتىن الله ئۆزى ساقلىسۇن.!

اللەتىن سورايلىكى ، بىزنى ئاسان ھېساب بېرىدىغان، ھېساب ـ كىتاپسىز جەننەتكە كىرىدىغانلار قاتارىدىن قىلسۇن، كۆپ ئىشلارغا سۇسلۇق قىلدۇق ۋە سەل قارىدۇق، ئەگەر الله بىزدىن ئىنچىكىلەپ ھىساپ ئالىدىغان بولسا، بىز نجات تاپالمايمىز، الله گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئەمەللىرىمىزنى قىيامەت كۈنى ئەسقاتىدىغان ئەمەللەر قاتارىدىن قىلىپ بەرسۇن، بىزلەرنى ئىنچىكىلەپ ھېساپ ئېلىنىدىغانلار قاتارىدىن قىلمىسۇن!

9994 ـــ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْسَ أَحَدٌ يُحَاسَبُ إِلَّا هَلَكَ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ جَعَلَنِي اللَّهُ فِدَاءَكَ أَلَيْسَ يَقُولُ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا قَالَ ذَاكَ الْعَرْضُ يُعْرَضُونَ وَمَنْ نُوقِشَ الْحِسَابَ هَلَكَ.

9994 _ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:- كىمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، چوقۇم ئازابقا دۇچار بولىدۇ، - دېدى. مەن:

– ئى رەسۇلۇللاھ! الله مېنى ساڭا پىدا قىلسۇن. الله قۇرئاندا: (نامە – ئەمەلى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ) دېمىدىمۇ؟ - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ (سوئال - سوراق ئەمەس، بەلكى) قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. كىمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، چوقۇم ھالاك بولىدۇ، - دېدى. (بۇخارى: 4939)] نەسىھەت تۈگىدى.

ياغاچ مۇداپىئە: بۇمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، ياغاچنىڭ كەينىگە توپا دۆۋىلەپ مۇستەھكەملەپ ۋاقتىلىق ئىشلەتسەك بولىدۇ، لېكىن رىباتتا تۇرۇشقا ئانچە ياخشى ئەمەس، چۈنكى ياغاچتىن ئوق ئۆتۈپ كېتىشى ياكى ئوت كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ياغاچ مۇداپىئەنىمۇ ئامال بار مۇقۇم رىباتلاردا ئىشلەتمىسەك ياخشى.

خالتا (خالتىغا توپا ئۇسۇپ ياسالغان) مۇداپىئە: بۇ باشقا مۇداپىئەلەرگا قارىغاندا ياخشى، شەھەر ئۇرۇشلىرىدا باشقا مۇداپىئە ياساش (خەندەك كولاش) ئىمكانىيتى بولمىسا، خالتىغا توپا قاچىلاپ ئىشلىتىشكە توغراكەلسە قۇم، شېغىل دېگەندەك يىرىك نەرسىلەرنى قاچىلىماي، يۇمشاق توپىنى خالتىغا يېرىم ئۇسۇپ، قېلىنراق تېزىپ ئىشلەتسەك بولىدۇ. ( خالتىغا توپىنى لىق ئۇسسا ئېگىز بولىدۇ، لېكىن خالتا يۇملاق بولۇپ قېلىپ، بىربىرىگە ياخشى يېپىشماي ئىككى خالتىنىڭ

ئارىلىقى نىپىز بولۇپ قالىدۇ، توپنى يېرىم ئۇسساق خالتىلارنى ئۈستى-ئۈستىلەپ تېزغاندا بىر-بىرىگە ياخشى يېپىشىدۇ ۋە مۇداپىئە قىلىن بولىدۇ).

ئۆي: ئۆيمۇ ياخشى مۇداپىئە ئەمەس، قارىغا ئالماق ئاسان، توپ ئوقلىرىدىن بىرەرسى تېگىپ كەتسە، ئىچىدە تۇرماق تەس، شۇڭا ئۆيدە ربىاتتا تۇرمايمىز.

بىز شەھەر ئۇرۇشلىرىدا بىنالاردا ربىاتتا تۇرغان. دۈشمەن بار بىنا بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز، بەزى ربىاتلاردا 70-80 مېتىر، بەزىلىرىدە 100- 150مېتىر ۋە بەزىلىرىدە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ئىدى، لېكىن ئارىلىق تۈزلەڭلىك، تاغلىق رايونلاردىكى باشقا ربىاتلاردىكىدەك يىراق ئەمەس ئىدى، شەھەرلەردە بىنا كۆپ، دۈشمەن تانكىلىرى بىزنىڭ ربىاتلىرىمىزنى يىراقتىن ئۇرالمايدۇ. ئۇراي دېسە، ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان بىنا ۋە باشقا بىنالار توسىۋالىدۇ، يېقىنلىشىپ بىنانىڭ يان تەرىپىگە كېلىپ ئاتاي دېسە، بۇنداق يېقىن ئارىلىقتا، بىزدىكى ئەرپىجى ۋە باشقا توپ قوراللار ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، بىزنىڭ تەييار تۇرۇپ، ئۇرۇۋېتىشىمىزدىن ئەنسىرەپ دۈشمەن تانكىلىرى بەك يېقىن كېلەلمەيدۇ، ئۈستىدىن ھاۋۇن ئاتسا ياكى جېتلاردا بومباردىمان قىلسا، ئۈستىدە تۆت-بەش قەۋەت بولغانلىقتىن تەسىر قىلمايدۇ، دۈشمەننىڭ چوڭ قوراللىرى ئىشلىمىگەنلىكتىن، بىز خالتىغا توپا ئۇسۇپ تامنىڭ كەينىگە نەچچە قاتار تىزىپ، پەقەت كىچىك تىپتىكى توپ قوراللارغا مۇداپىئە بولغۇدەكلا قىلىپ مۇداپىئە ياساپ، تامدىن تۆشۈك ئېچىپ، تۆشۈكتىن قاراپ ربىاتتا تۇرغان ئىدۇق. لېكىن يالغۇز، بىر قەۋەتلا ئۆي بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە ربىاتتا تۇرۇش خەتەرلىك، چۈنكى بۇنداق ئۆينى ھەم يەردىن، ھەم ھاۋادىن نىشانغا ئالماق ئاسان، توپ قوراللىرىغا بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ.

توپا تۇرتۇپ ياسىغان مۇداپىئە: بۇ ئۈستىدە سۆزلەنگەن مۇداپىئەلەرگە قارىغاندا ياخشى، لېكىن ھاۋۇن، نارىنجەك قاتارلىق پۇتۇن يايىسمان ئوق ئاتىدىغان قوراللاردىن مۇداپىئە قىلالمايدۇ، ئەگەر بۇنداق مۇداپىئەنى ئىشلەتمەكچى بولساق مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئىشلەتسەك ياخشى، مەسىلەن : خالتىغا توپا ئۇسۇپ ئەتراپىمىزغا تېزىۋالساق بولىدۇ، اللەنىڭ ئىزنى بىلەن دۈشمەننىڭ ئوقى بېشىمىزغىلا چۈشمىسە، ان شاءالله شازايىلاردىن ساقلىنالايمىز. دۆۋىلەنگەن توپىدىن كۆزىتىدىغانغا تۆشۈك ئېچىۋالساقمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلساق بېشىمىزنى چىقارمايمۇ كۆزىتەلەيمىز، تۆشۈكلەر قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى، چۈنكى يۆتكىلىپ تۇرۇپ ئوق ئاتقىلى بولىدۇ. تۆشۈكنى يانتۇ ئېچىۋالساق دۈشمەن قەنناسچىلىرىدىن اللەنىڭ ئىزنى بىلەن  ئازراق بولسىمۇ ساقلىنالايمىز، تۆشۈك يانتۇ بولسا ئالدىمىزنى ياخشى كۆزىتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، ئۇنداقتا بىرسىمىزنىڭ ئالدىنى يەنە بىرسىمىز كۆزىتىپ بەرسەك بولىدۇ ياكى تۇرتۇپ ياسالغان توپىنىڭ ئۆزىنى خەندەك قىلىپ كولىۋالساقمۇ بولىدۇ، بۇنداق قىلىۋالساق ئەتراپىمىزغا خالتا تىزىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. خەندەك كولىغاندا ئالدىمىزنىڭ توپىسىنى قېلىنراق قالدۇرۇپ قويساق ياخشى.

ئەسلەتمە: ھەرقانداق مۇداپىئەدىن كۆزىتىش ئۈچۈن تۆشۈك ئاچساق، كۈن نۇرى چۈشمەسلىككە ئامال قىلساق ياخشى، ئەگەر تۆشۈككە كۈن نۇرى چۈشۈپ قالسا تۆشۈك يورۇق

كۆرۈنىدۇ. تۆشۈكنىڭ ئالدىغا كۆزىتىشكە ئادەم كەلسە تۆشۈك قارىدايدۇ، بۇ ئەھۋالدا دۈشمەن قەنناسچىلىرى بىزنى كۆزىتىپ تۇرغان بولسا، بىزنىڭ تۆشۈك ئالدىغا كەلگەنلىكىمىزنى بىلەلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈن چۈشمەيدىغان قىلساق ياخشى. مەسىلەن: ئۈستى يېپىق مۇداپىئەلەردىن تۆشۈك ئاچساق، مۇداپىئەنىڭ ئىشىكىگە پەردە تۇتىۋالساق كۈن چۈشمەيدۇ، كۆزەتكەندە تۆشۈككە بەك يېقىن تۇرۇپ كۆزەتمەي، يىراقراق تۇرۇپ كۆزەتسەك ياخشى.

بىتون مۇداپىئە: بۇ پىكا، داشاكا دېگەندەك قوراللارغا نىسبەتەن تاش، كىسەكلەردىن ياخشى، لېكىن توپ ئېتىپ قالسا چاتاق. بۇمۇ شازايى بولىدۇ، بۇنداق مۇداپىئەنىمۇ زۆرۈر بولسا ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئىشلىتىمىز، مۇقىم رىباتلارغا بولمايدۇ.

ئالدىغا توپا دۆۋىلەنگەن خەندەك: بۇ ان شـــاءالله ياخشى مۇداپىئە بولالايدۇ، پۈتۈن يايسمان ئوق ئاتىدىغان قوراللاردىن باشقىسى ئاساسەن زەربە بېرەلمەيدۇ، پۈتۈن يايسمان ئوق ئاتىدىغان قوراللارمۇ نەق خەندەكنىڭ ئىچىگىلا چۈشۈپ كەتمىسە ان شـــاءالله بەك مۈشكۈل يوق، لېكىن ئالدىدىكى دۆۋىلەپ قويغان توپا دۈشمەنگە خەندەكنى نىشانلاشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق بولسىمۇ خەندەكنى چوڭقۇر كولاپ خەندەكتىن چىققان توپىنى باشقا يەرگە توشۇۋەتسەك ياخشى.

خەندەك: بۇ بىزنىڭ ياساشقا تاقىتىمىز يېتىدىغان مۇداپىئەلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى. بۇنىڭغا يىرىم يايسمان ئوق ئاتىدىغان قوراللار ان شاءالله ئانچە تەسىر قىلمايدۇ، پۈتۈن يايسمان ئوق ئاتىدىغان قوراللار ۋە ھاۋا ھۇجۇملىرىمۇ، خەندەكنىڭ ئىچىگە نەخلا چۈشۈپ كەتمىسە، ان شـــاءالله بەك تەسىر قىلمايدۇ، دۈشمەن بىزنى قارىغا ئالىدىغان مۇقۇم بەلگە بولمىغانلىقتىن ھاۋۇن ئېتىش ۋە ھاۋادىن ئۇرۇش ئۈچۈن ئورنىمىزنى تېپىپ نەخ ئۇرىشى تەسرەك بولىدۇ ان شاءالله.

بىز ئۈستىدە سۆزلىگەن مۇداپىئەلەرنىڭ ھىچقايسىسى خەندەككە يەتمەيدۇ، باشقا مۇداپىئەلەر ھەرقانچە قېلىن بولسىمۇ ئىككى- ئۈچ مېتىر بولىدۇ، يەردىن ۋە ھاۋادىن قارىغا ئېلىپ نىشانلاپ ئۇرالايدۇ. ئەمدى خەندەككە كەلسەك، بۇنىڭ ئالدى-كەينى، ئوڭ-سول قېلىنلىقىنى دىمىسەكمۇ بولىدۇ، بۇنى ھاۋادىن بولسۇن، يەردىن بولسۇن قارىغا ئېلىپ نىشانلاپ ئۇرماق تەس، چۈنكى خەندەكنىڭ دائىرىسى كىچىك، كولىغان توپىلارنى باشقا ياققا توشۇۋەتسەكلا نىشانلاپ ئۇرىدىغان بەلگىسى يوق، باشقا مۇداپىئەلەرنىڭ ئىككى-ئۈچ مېتىر يېنىغا توپ ئوقى چۈشسە تەسىر قىلىدۇ، لېكىن خەندەكنىڭ ئىچىگىلا چۈشۈپ كەتمىسە ئىنشا الله تەسىر قىلمايدۇ، خەندەكنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىۋەتسەك ئىچىگە چۈشۈپ كەتسىمۇ تەسىر قىلمايدۇ ان شاءالله.

**فەتىھ بولغان ئورۇنلارنى مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوغداش**

بىر ئەمەلىيەتنى قىلىشنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز، بىرەر ئەمەلىيەتنى قىلىپ دۈشمەن قولىدىكى زېمىننى ئېلىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇ يەرنى ئېلىش ئۈچۈن مۇجاھىدلارنىڭ قانلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرى كېتىدۇ. بىز بۇ يەرنى كاپىردىن تەستە ئالدۇق، ئەمدى بۇيەرنى تۇتۇپ تۇرماق ئېلىشتىن ھەم تەس بولىدۇ. چۈنكى، دۈشمەن قورال-ياراق، سان ۋە كۈچ جەھەتتە بىزدىن ئۈستۈن، بۇ يەرنى بىزگە ئۇنداق ئاسان تاشلاپ بەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ يەرنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقىدۇ، ھاۋادىن بومباردىمان قىلىدۇ، زېمىندىن ئىلگىرىلەيدۇ، بىر قېتىم ئالالمىسا يەنە باشقىدىن ئىلگىرىلەيدۇ، تاكى بۇ يەرنى قايتۇرۇپ ئالغۇچە ياكى بۇ يەرگە ئىلگىرىلىگەنىنىڭ پايدىسى يوقلىقىنى بىلگىچە.

بۇ يەر بىزنىڭ بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قېنى بەدىلىگە كەلگەن، كېرەك بولسا قان بېرىپ قوغدىشىمىز كېرەك. كۈچلۈك دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا سابىت تۇرۇپ، قان بېرىپ ئالغان يەرنى قوغداپ، ئۇ كاپىرلارغا بۇ يەرگە ئىلگىرىلىگەنىنىڭ پايدىسى يوقلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشىمىز، ئاللاھنى ياد ئېتىشىمىز، ئاللاھقا يېلىنىپ دۇئا قىلىشىمىز ۋە شۇ يەرنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىشىچە تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. فەتىھ بولغان ئورۇننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىشىمىز كېرەك. (يەنى دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا، ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە ئوق ئاتالىغۇدەك مۇداپىئەلەرنى تەييارلىشىمىز كېرەك) .

ھازىرقىدەك دۈشمەنىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمى ۋە باشقا ئېغىر قوراللىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش قولىمىزدىن كەلمەيدىغان شارائىتقا نىسبەتەن، بىزگە ئەڭ ياخشى مۇداپىئە-خەندەكتۇر. چۈنكى خەندەكتە، مەيلى ھاۋا ھۇجۇمى بولسۇن، مەيلى ھاۋۇنغا ئوخشاش پۈتۈن يايسىمان ئوق ئاتىدىغان قوراللار بولسۇن ۋە مەيلى باشقا توپ قوراللىرى بولسۇن، ھەممە خىل ئەھۋالدا ناھايىتى ياخشى مۇداپىئەلەنگىلى بولىدۇ. سەۋەپ نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا خەندەك ئەڭ ياخشى مۇداپىئە ھىساپلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: خەندەك كولىغاندا چىققان توپىنى باشقا يەرگە توشۇۋېتىشىمىز ياكى بولمىسا شۇ ئەتراپقا يېيىۋېتىشىمىز كېرەك. توپىلارنى شۇ ئەتراپقا يېيىۋەتكەندە، يېڭى توپىلارنى سەل ئۆزگەرتىۋەتسەك ياخشى. مەسىلەن: ئۈستىگە شاخ تاشلاپ ياكى غازاڭ چېچىپ ۋە ياكى باشقا...... قانداقلا بولمىسۇن يېڭى توپىنى ئەتراپقا ماسلاشتۇرىۋېتىشىمىز كېرەك. توغرا، خەندەكتىن چىققان توپىلارنى خەندەكنىڭ ئالدى تەرىپىگە دۆۋىلەپ قويساق، خەندەككە كىرىپ-چىققىنىمىزنى دۈشمەنىنىڭ كۆرەلمەسلىكىگە ۋە خەندەكنىڭ ئاسان پۈتىشىگە پايدىسى بار، لېكىن پايدىسى زىيىنىغا چىقىشمايدۇ. دۈشمەن خەندەككە كىرىپ-چىققىنىمىزنى كۆرمىگىنى

بىلەن، خەندەكلىرىمىزنىڭ ئورنى ۋە سانى ئېنىق ئاشكارە بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر خەندەكتىن چىققان توپىلارنى ئالدىغا دۆۋىلەيمىز دېسەك، خەندەكنى تېيىزراق كولاشقا توغرا كېلىدۇ. خەندەكنى بېلىمىزگىچە كولىساق، دۆۋىلىگەن توپا بويىنىمىزغا كېلىدۇ، بۇنداق بولغاندا دۈشمەننى ياخشى كۆزىتەلەيمىز ۋە ئوق ئاتالايمىز، لېكىن ئارقا تەرىپىمىز خەندەكنىڭ سىرتىدا قالىدۇ، كەينىمىزگە ئوق چۈشسە شازايە تېگىشى مۇمكىن، ئەگەر ئارقا تەرىپىمىز خەندەكتىن چىقىپ قالمىسۇن دەپ خەندەكنى بويىنىمىزغىچە كولىساق، خەندەكنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۈشمەننى كۆزىتەلمەيمىز ۋە ئوق ئاتالمايمىز، ئۇچاغدا دۈشمەننى كۆزىتىش ۋە ئوق ئېتىش ئۈچۈن خەندەكتىن چىقىشقا توغراكېلىدۇ.




شۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق بولسىمۇ خەندەكنى چوڭقۇرراق كولاپ (بېشىمىز كۆرۈنمىگىدەك كولاپ) توپىسىنى توشۇۋەتسەك ياخشى.



ﷲ نىڭ پەزلى بىلەن بىر ئورۇن فەتىھ بولدى، ئەمدى بىزنىڭ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىمىز- بۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش بولىشى كېرەك. بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمىر- قوماندانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى. ئەمىر-قوماندانلار بۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشكە مەخسۇس بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى مەسئۇل قىلىشى لازىم. جەڭ گۇرۇپپىسى چارچاپ كەتكەن بولسا، زاپاس گۇرۇپپا ياكى باشقا گۇرۇپپىلارنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلسا بولىدۇ.

بىزنى ئەمىر-قوماندانلار فەتىھ بولغان بۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، رىبات ئورۇنلاشتۇرۇشقا بەلگىلىدى. رىباتقا ئەڭ ياخشى مۇداپىئە خەندەك دىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن رىبات ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماڭغاندا قورال-ياراقلىرىمىزدىن سىرت قازما (جوتو)، گۈرجەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالىمىز. ئەۋۋەل، دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلىشىگە قايسى تەرەپ قولايلىق؟ قايسى تەرەپتىن كېلىش ئېھتىماللىقى بار؟ بىز قەيەردە تۇرساق ياخشى كۆزىتەلەيمىز ۋە ياخشى توسيالايمىز؟........دېگەن مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، خەندەك كولاپ رىبات ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇننى تاللىۋالىمىز. تاللاپ بولغاندىن كېيىن، خەندەكلەرنىڭ ئارىلىق مۇساپىلىرىنى بەلگىلىۋالىمىز، تۈزلەڭلىكتە خەندەكلەرنىڭ ئارىلىق مۇساپىسى يىراق بولسا ياخشى، يېقىن بولۇپ قالسا جەڭ ياكى باشقا ئەھۋاللاردا دۈشمەننىڭ ھاۋا ھۇجۇمى ياكى توپ قوراللىرىنىڭ زەربىسىدە تالاپەت كۆپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا خەندەكلەر ئارىلىقى بىر خەندەكتىلەر يەنە بىر خەندەكتىكىلەرنى كۆرۈپ تۇرالىغۇدەك بولۇشى، ئەگەر يەر شەكلى ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ توسالغۇسى تۈپەيلىدىن كۆرۈپ تۇرالمىسا، ئۆز-ئارا نورمال ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرالىغۇدەك (يەنى تەخمىنەن 10 مېتىردىن 15 مېتىرغىچە) بولۇشى كېرەك. كولايدىغان ئورۇننى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ھەركىشى ئۆزىگە بەلگىلەنگەن خەندەكنى تېز سۈرئەتتە كولايدۇ، ھەر ئىككى ئادەم بىرخەندەك كولىسا ياخشى.

خەندەكلەرنى كۆپرەك كولاش كېرەك. چۈنكى بىر-ئىككى خەندەكتە تۇرۇپ دۈشمەننى كۆزەتكىلى بولغان بىلەن، دۈشمەن ئىلگىرىلەپ كەلگەندە ئالدىنى توسقىلى بولمايدۇ، چۈنكى دۈشمەن ئىلگىرىلىسە ئاز ئىلگىرىلىمەيدۇ، كۆپ ئادەم كەڭرى دائىرىدىن كېلىدۇ. بىز بىر-ئىككى خەندەكتە تۇرۇپ ئوق ئاتساق، ئىلگىرىلەپ چىققان دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى ئوققا تۇتالمايمىز، بىر تۈركۈملىرىگە ئوق ئاتساق، قالغانلىرى بىزنىڭ ئىككى خەندىكىمىزنى ئوققا تۇتسا، ھەرئىككى خەندەكتىكىلەر بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەيمىز، دۈشمەننىڭ يېرىمى بىزنى ئوققا تۇتۇپ تۇرسا، يېرىمى ئىلگىرىلەۋېرىدۇ، ئەگەربىزنىڭ مۇداپىئەلىرىمىز (خەندەكلىرىمىز) كۆپرەك بولسا، ھەممىمىز بىر-ئىككى خەندەككە توپلىشىپ قالمايمىز، بىر خەندەكتىكىلەرگە ئوق ئېتىپ بېشىنى كۆتۈرگۈزمىسە يەنە باشقا خەندەكتىكىلەر ئوق ئېتىپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ مۇداپىئەلىرىمىز كۆپ بولسا، ئىلگىرىلەپ چىققان دۈشمەن ھەممە خەندەكتىكىلەرنى بىراقلا بېشىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك ئوققا تۇتالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن ئىلگىرىلەپ كەلسە، بۇرادەرلەرنى كەڭرى دائىرىگە ئورۇنلاشتۇرالىغۇدەك

كۆپ خەندەك كولايمىز، كۆپ بولۇپ كەتسە مۇشكۈل يوق. بىر خەندەكتە بىردەم، يەنە بىرسىدە بىردەم يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئوق ئاتساق، دۈشمەن ئورنىمىزنى بىلەلمەي بىختەر بولىدۇ. لېكىن ئاز بولۇپ قالسا، كۆپ ئادەم بىر يەرگە توپلىشىپ قالىمىز-دە، خەندەككە ئوق چۈشۈپ كېتىپ قالسا تالاپەت كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر خەندەك كۆپ بولسا، ئادەم ئاز بولسىمۇ دۈشمەننى ياخشى توسقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئالتە ياكى يەتتە ئادەم بولسا 30 ـ 40 مېتىر دائىرىگە تارىلىپ تۇرۇپ ئوق ئاتساق ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، خەندىكىمىز ئاز بولسا، شۇ كىچىك دائىرىگە توپلىنىپ قالىمىز، كەڭرى دائىرىدە تۇرايلى دېسەك ئوچۇقچىلىقتا قالىمىز، ئوچۇقچىلىقتا تۇرۇپ دۈشمەننى توسقاندىن خەندەكنى كۆپرەك كولىماق ئاسان. پىلانلانغان بارلىق خەندەكلەرنى بىرلا ۋاقىتتا، تېز سۈرئەتتە، توختىماي تىزغىچە كولىۋېلىش كېرەك، ئەگەر خەندەكلەر شۇنچىلىك پۈتكەندە دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا، تېزىغىچە كولانغان خەندەك ئانچە مۇستەھكەم مۇداپىئە بولمىسىمۇ، خېلى ياخشى مۇداپىئە بولالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى باسقۇچتا خەندەكلەرنى توختىماي تىزغىچە كولىۋېلىش بەك مۇھىم.

«بىر يەر فەتھ بولۇپ، خەندەك كولاپ پۈتكۈزۈپ بولغىچە دۈشمەن ئىلگىرىلەپ كېلىدىغان ئىش نەدە بار؟ دۈشمەن ئۇنداق تېز ئىلگىرىلىمەيدۇ، ئۇلارمۇ ئىنسان چارچىغاندۇ» دەپ بىر كۈن ئارام ئالايلى دېيىلىشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇنداق ئىش بولماس، ئەگەر بولۇپ قالسىچۇ؟ سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇ دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ، ئەتىسى دۈشمەن ئىلگىرىلىسە قەيەردە تۇرۇپ ئالدىنى توسىمىز؟ دۈشمەننى سەل چاغلاپ خەندەك كولىمىغانلىق سەۋەبىدىن، بۇ يەرنى تۇتۇپ تۇرالماي قولدىن بېرىپ قويساق بۇنىڭغا كىم مەسئۇل؟

ئەمەلى بولغان ۋاقىئە: بىر رىبات ئورنى بولۇپ، مۇجاھىدلار بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا دۈشمەننىڭ چېقىۋېلىشى خەتەرلىك بولغان بىر تاغ بار ئىدى. كېيىن دۈشمەن شۇ تاغقا چېقىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان، مەسئۇللار بۇنى سېزىپ بۇ تاغنى مىنالاشتۇرىۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، مىناچىلار كېچىسى شۇ تاغقا كۆپ ھەم چوڭ مىنالارنى كۆمگەن، ھەممە ئىش پۈتۈپ پەقەت مىنانىڭ سىمىنى تارتىپ رىبات ئورنىغا ئەكىلىپ سىمنى كۆمۈۋېتىشلا قېلىپ قالغان، مىناچىلار ۋە باشقا بۇرادەرلەر چارچىغانلىقتىن، شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ئىشنى تۈگىتىۋېتىشكە ھورۇنلۇق قىلىپ، قالغان ئىشلارنى ئەتىگە قويۇپ قويغان. ئەتىسى قارىغۇدەك بولسا، شۇ تاغقا دۈشمەن چىقىۋالغان، ئۇ تاغدىن دۈشمەننى خېلى تىرىشچانلىقلار بىلەنمۇ چۈشۈرەلمىگەن. نەتىجىدە بۇ رىبات ئورنى بىر مەزگىلدىن كېيىن شۇ ۋە باشقا سەۋەپلەر بىلەن قولدىن كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننى سەل چاغلىماسلىقىمىز، ۋاقىتنىڭ ئەسكىرى قىممىتىنى بىلىشىمىز، پۇرسەتنىڭ بارىدا تاقىتىمىزنىڭ يېتىشىچە دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق قىلىپ، ھەرۋاقىت ھەربى ھالەتتە تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ قىسسە ئىبرەت ئۈچۈن سۆزلەندى

خەندەكلەرنى تىزىمىزغىچە كولاپ بولغاندىن كېيىن ئازراق دېمىمىزنى ئېلىۋالىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر غەيرەت قىلىپ بەلدىن ئاشۇرىۋېتىمىز، يەنە ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، داۋاملىق كولاپ بېشىمىز كۆرۈنمىگۈدەك كولىۋېتىمىز. دۈشمەننى كۆزىتىدىغان يەرگە توپا ئۇسۇلغان خالتىنى قويۇپ، شۇنىڭغا دەسسەپ كۆزەتسەك بولىدۇ.

1 - خەندەكلەرنىڭ تۇتاشتۇرۇلمىغان ھالىتى




ھەممە خەندەكلەرنى ئادەم كۆرۈنمىگۈدەك كولاپ بولدۇق، دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا كىرىپ ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ ئوق ئاتقۇدەك خەندەكلىرىمىز بار بولدى، بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتكەن بولسا، ئەمدى اللەقا تەۋەككۇل قىلىپ ئارام ئالىمىز، (كەچ بولغىچە خەندەك كولاپ شۇنچىلىك قىلىۋېتىپ ئاندىن تەۋەككۇل قىلىمىز، كولىمايلا تەۋەككۇل قىلساق، دۈشمەن ئىلگىرىلىمىسە ياخشى، ئەگەر ئىلگىرىلەپ قالسا ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ ئوق ئاتىدىغان ئورۇن يوق بولۇپ قالىدۇ، ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلالمىساق بۇ يەرنى قاندا مۇداپىئە قىلىمىز .........؟)

اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن بىر كېچىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىۋالدۇق، ئەمدى تۈنۈگۈن كولاپ بولغان خەندەكلەرنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرىمىز، تۇتاشتۇرىۋەتمىسەك، جەڭ ھالەتلىرىدە باشقا خەندەكتىكى بۇرادەرلەر يارىدار بولسا، بىز ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ياردەم بېرىشىمىز، ئوقى تۈگىسە ئوق ئاپىرىپ بېرىشىمىز، بىزنىڭ ئوقىمىز تۈگىسە باشقا خەندەككە بېرىپ ئوق ئەكىلىشىمىز كېرەك. جەڭ بولىۋاتىدۇ، بىر خەندەك بىلەن يەنەبىر خەندەك ئارىلىقى 15 مېتىر. بۇرادىرىمىزنىڭ يېنىغا ياردەم بەرگىلى بېرىشىمىز ياكى ياردەم سوراپ بېرىشىمىز ئۈچۈن 15 مېتىر ئوچۇقچىلىقتىن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ خەتەرلىك ئەھۋال. شۇنىڭ ئۈچۈن خەندەكلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئادەم

ئۆرە ماگسا كۆرۈنمگۈدەك، كەڭلىكىنى زەمبىلگە ياردار سېلىپ توشۇغىلى بولغىدەك قىلىپ، ھەممىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىۋېتىمىز.

**2 ـ خەندەكلەرنىڭ تۈز تۇتاشتۇرۇلغان ھالىتى**




خەندەكلەرنى كولاپ ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرۇپ بولدۇق، ئەمدى دۈشمەن ئىلگىرىلەپ جەڭ بولۇپ قالسا، ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەننى توسالىغۇدەك ۋە ئۆز-ئارا ياردەملىشەلىگۈدەك خەندىكىمىز بار، لېكىن ياردارلارنى توشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان، سىرتتىن ئوق ئەكىرىپ بېرىدىغان ۋە كۈچىمىز ئاجىز كەلسە سىرتتىن ياردەم كېلىدىغان ئارقا سەپكە تۇتاشقان خەندىكىمىز يوق، ئالدىنقى سەپتىكى بۇ خەندەكلەرگە بىخەتەر ۋە تېز ياردەم كېلەلىشى ئۈچۈن، خەندەكنى ئارقا سېپىمىزدىكى بىخەتەر يەرگىچە تۇتاشتۇرىۋېتىمىز، ئەگەر تۇتاشتۇرىۋەتمىسەك جەڭ ۋاقتىدا بىزگە ئوق لازىم بولسا ياكى ئېغىر ياردارلار بولۇپ قالسا، ئوق ئەكىرىپ بېرىش ياكى ياردارلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ياردەمچىلەر ۋاقتىدا يېنىمىزغا كېلەلمەسلىكى مۇمكىن.

مەسىلەن: جەڭ ناھايىتى قىزىپ كەتتى، دۈشمەن ھاۋادىن قاتتىق بومباردىمان قىلىۋاتىدۇ، يەردىنمۇ ئېغىر توپ قوراللار بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋاتىدۇ، ئوق يامغۇردەك يېغىۋاتىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا ئوقىمىز تۈگىدى. بىزگە تېزدىن ئوق ئەكىلىپ بېرىشى كېرەك، ئەگەر تېز بولمىسا دۈشمەن ئىلگىرىلەپ خەندەككىچە كېلىپ بولىشى مۇمكىن. ياكى ئېغىر ياردار بار، بۇنى تېز ئېلىپ چىقىپ كېتىش كېرەك، بىزنىڭ ئارقا سەپكە تۇتاشقان خەندىكىمىز يوق، بۇ ۋاقىتتا ئوق ئېلىپ

كەلگەنلەر ياكى ياردار توشغىلى كەلگەنلەر بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىش ئۈچۈن ئوچۇقچىلىقتىن كېلىشى كېرەك. ئوق يامغۇردەك يېغىۋاتسا ئۇچۇقچىلىقتىن ماڭالمايدۇ. ياردەمگە كەلگەنلەر ئوقنىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈپ، ئوق سەل پەسەيگەندە ماڭايلى دەپ ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇ ۋاقىتقىچە ئوقمىز تۈگەپ، شۇ سەۋەپلىك بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ۋە ياكى ياردارلار ۋاقتىدا ئېلىپ كېتىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن شېھىد بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. (ھەممىمىز بىلىمىز، بۇنداق جەڭ بولۇۋاتقاندا 15 – 20مېتىر ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتۈشمۇ خېلى تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭ بولمىغان خاتىرجەم ۋاقىتتا جاپا تارتساقمۇ خەندەكنى ئارقا سەپ تەمىناتى كېلىدىغان بىخەتەر يەرگىچە كولىۋالساق ياخشى)




3- خەندەكلەرنىڭ ئۆز ئارا تۇز تۇتاشتۇرۇلغان ۋە ئارقىسەپ تەمىناتى كېلىدىغان يول خەندەكلەشتۈرۈلگەن ھالىتى

بومباردىمانىنىڭ زەربىسىنى تېخىمۇ ئازايتىش ئۈچۈن خەندەكلەرنى يەنە مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك.

خەندەكلىرىمىز تۈز ھالەتتە، خەندەكنىڭ ئىچىگە ھاۋۇن چۈشۈپ كەتتى دەيلى، ئىككى بۇرادىرىمىز شېھىد بولۇشى ياكى ياردار بولىشى مۇمكىن. ئەگەر خەندەكنى چاقماق شەكىللىك كولىساق ياكى ئىچىگە توپا دۆۋىلەپ قويساق، ان شـــاءالله خەندەكنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئوقنىڭ زەربىسىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. خەندەكنىڭ ئىچىگە ئوق چۈشۈپ كېتىشى بەك ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال، لېكىن بىزنىڭ مەقسىتىمىز تالاپەتنى ئاز كۆرۈپ، دۈشمەننى كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىتىش. تالاپەتنى تېخىمۇ ئازايتىش ئۈچۈن، خەندەكلەرنى ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرغاندا بولسۇن، ئارقا سەپ تەمىناتى كېلىدىغان يولنى خەندەكلەشتۈرگەندە بولسۇن چاقماق شەكىللىك كولايمىز ياكى خەندەك ئىچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە توپا دۆۋىلەيمىز. بۇ ھالەتتە خەندەكنىڭ ئىچىگە ئوق

چۇشۇپ كېتىپ قالسىمۇ، چاقماق شەكىللىك كولانغان خەندەكنىڭ ئەگرى يەرلىرى، ياكى دۆۋىلەپ قويغان توپىلار شازايىنى توسۇپ قىلىپ تالاپەت بولمايدۇ، بولغان تەقدىردىمۇ تۆزھالەتتىكىدىن ئازراق بولىدۇ ان شاءالله.



4 ـ خەندەكلەرنىڭ تۇتاشتۇرۇلغان
ۋە تىخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن چاقماق شەكىلدە كولانغان ھالىتى




5 ـ خەندەكلەرنىڭ ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلغان
ۋە خەندەكلەرنى تىخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن
خەندەكنىڭ ئىچىگە توپا دۆۋىلەنگەن ھالىتى



خەندەككە چۈشۈپ كەتكەن ئوق
ئوقنىڭ تەسىرى يەتكەن ئادەم
ئوقنىڭ خەتىرى يەتكەن ئادەم
ئوقنىڭ تەسىرىدىن بىخەتەر قالغان ئادەم




خەندەككە چۈشۈپ كەتكەن ئوق
ئوقنىڭ تەسىرى يەتكەن ئادەم
ئوقنىڭ خەتىرى يەتكەن ئادەم
ئوقنىڭ تەسىرىدىن بىخەتەر قالغان ئادەم

6 -




بۇ رەسىمدىكىگە ئوخشاش قىلىۋالساق خەندەكنىڭ بىخەتەرلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ، ئوق ئاتىدىغان ئورۇنلارنى زاپاس قىلىۋالساق جەڭ ھالەتلىرىدە ئالمىشىپ، يۆتكىلىپ تۇرۇپ ئوق ئاتقىلى بولىدۇ، ئەگەر يۆتكىلىپ ئوق ئاتىدىغان زاپاس ئورۇنلارنى ياساپ بولالمىساقمۇ، جەڭ ھالەتلىرىدە بىر ئورۇندا ئوق ئېتىۋەرمەي، ئورنىمىزدىن يۆتكىلىپ تۇرۇپ ئوق ئاتساق ياخشى. ئوق ئاتقاندا ئىككىلى ئادەم تەڭ ئوق ئېتىپ تەڭ توختىماي، بىرسى ئېتىپ ئوقى تۈگىگەندە يەنە بىرسى ئاتسا، ئوقى تۈگىگىنى ئوق ئالماشتۇرىۋالالايدۇ، دۈشمەنگە ئوق ئېتىشمۇ توختاپ قالمايدۇ، دۈشمەنىنىڭ قانچە ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلمەسلىكىگە ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بولىدۇ.

ئارقا سەپ يوللىرىنى خەندەكلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، خەندەكلىرىمىزنىڭ كەينىدىكى بىر تۈرمايدىغان بىكار يەرلەرگە تاش، توپا دېگەندەك نەرسىلەردە دۈشمەن قاراپلا مۇداپىئە دەپ ئويلاپ قالىدىغان يالغان مۇداپىئەلەرنى ياساپ قويىمىز، بۇ يالغان مۇداپىئەلەردىن بەزى ۋاقىتلاردا دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ قويىمىز. توپىسىنى توشۇۋەتكەن خەندەكنى كىرىپ-چىقىش جەريانىدا سەزدۈرۈپ قويمىساقلا دۈشمەن قاراپ بىلەلمەيدۇ، بەزىدە يالغان مۇداپىئەلەردىن ئوق ئېتىپ قويساق، دۈشمەن بىزنى شۇ يەردە ئىكەن دەپ ئويلاپ ئوق ئاتسىمۇ شۇ مۇداپىئەلەرگە ئاتىدۇ، ئىلگىرىلىگەندىمۇ شۇ مۇداپىئەلەرنىڭ ئەتراپىنى ئاساس قىلىپ بومباردىمان قىلىپ ئاندىن ئىلگىرىلەيدۇ. خەندەكلىرىمىزنى ھاۋادىن كۆرۈپ قالمىغانلا بولسا شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ھاۋادىن كۆرۈپ قالغان بولسا خەندەكتە تارقىلىپ تۇرساق بومباردىمان ئانچە تەسىرقىلمايدۇ ان شاءالله.

7 ـ




## توپىدا ياسالغان يالغان مۇداپىئە

ئەسكەرتىش: يالغان مۇداپىئەلەرنى خەندەكلىرىمىزنىڭ ئالدىغا قىلمايمىز، ئارقا تەرىپىمىزگە بەك يېقىنمۇ قىلمايمىز، ئۇنداق قىلساق يالغان مۇداپىئەدىن ئېشىپ كەتكەن ياكى يەتمىگەن ئوق بىزگە چۈشۈشى مۇمكىن، شۇڭا ئارقا تەرىپىمىزدىكى يىراقراق يەرگە قىلىپ قويىمىز، ئامال بار خەندەكلىرىمىز بىلەن ئۇدۇل بولماي، يان تەرەپلىرىدە بولسا ياخشى.

هازىر بىزنىڭ دۈشمەن ئىلگىرىلەپ قالسا ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە زەربە بېرەلىگۈدەك خەندەكلىرىمىز بار، ئارقا سەپ تەمىناتى كېلىدىغان بىخەتەر يوللىرىمىزمۇ بار، هازىرقى بۇ خەندەكلىرىمىز ان شـــاءالله خېلى ياخشى مۇداپىئە بولالايدۇ. لېكىن دۈشمەننى سەل چاغلىساق

بولمايدۇ، بىز مۇشۇنداق بىكار ۋە خاتىرجەم ۋاقتتا دۈشمەنگە قارشى مۇداپىئەلىرىمىزنى قانچىلىك كۆچەيتەلىسەك، شۇنچىلىك كۆچەيتىۋالساق ياخشى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىكار ۋاقتنى غەنىمەت بىلىپ  خەندەكلىرىمىزنىڭ ئالدىغا 40- 50 مېتىر ياكى بولمىسا 25 – 30 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا T شەكىللىك خەندەك كولىۋالىمىز. بۇ ئارقىلىق  دۈشمەننى چالغۇتقىلى ۋە ئويلىمىغان يەردىن زەربە بەرگىلى بولىدۇ ان شاءالله چۈنكى دۈشمەن ئىلگىرىلىگەندە، يالغان مۇداپىئەلەرنىڭ ۋە بىز تۇرغان خەندەكنىڭ ئەتراپىنى هاۋادىن ۋە يەردىن قاتتىق بومباردىمان قىلىدۇ، بۇ ۋاقتتا خەندەكلىرىمىزدە بىرىيەرگە توپلىشىۋالماي  ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزدا ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ تۇرىمىز (پىستىرما، رازۋېدكا ۋە باشقا جەڭ ئەمەلىيەتلىرىدە بولسۇن يالغۇز تۇرمايمىز ۋە يالغۇز ھەرىكەت قىلمايمىز). قاتتىق بومباردىماندىن كېيىن پىيادە ئەسكەرلەر ئىلگىرىلەپ چىقىدۇ، دۈشمەن يېقىنلىغانسىرى هاۋا هۇجۇملىرى پەسىيىدۇ ۋە سەل ئارقا تەرەپنى ئۇرۇشقا باشلايدۇ، بۇ ۋاقتتا بىز ئالدىغا ياسىۋالغان T شەكىللىك مۇداپىئەلىرىمىزگە بېرىپ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىمىز. دۈشمەن ئىلگىرىلەشتىن بۇرۇن قاتتىق بومباردىمان قىلغاچقا، بىزنى قارشىلىق قىلغۇدەك هالى قالمىدى دەپ ئويلىشى ياكى بىزنىڭ ئورنىمىزنى كەينىدە دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ بويىچە تەييارلىق قىلىپ مېڭىشى مۇمكىن، بىز بۇلارنىڭ ئالدىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ زەربە بەرسەك، ان شــــاءالله بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، دۈشمەن هۇجۇمچى ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىزنى هاۋادىن ۋە يەردىن ئالدىراپ ئۇرالمايدۇ. ان شاءالله.

8 -



ئەسكەرتىش : بۇ T شەكىللىك مۇداپىئەگە مىنا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتسەك ياخشى، ناۋادا بىز ئۇ مۇداپىئەگە بارالماي قالساق ياكى دۈشمەننىڭ كۈچى زور كېلىپ، ئۇ مۇداپىئەدە تۇرالماي كەينىمىزدىكى خەندەكلىرىمىزگە قايتىپ كېتىشكە توغرا كەلسەك، بۇ خەندەكتىن دۈشمەن بىزنىڭ قارشىمىزغا پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ مۇداپىئەنى كولىغاندا باشقا مۇداپىئەلەرگە ئوخشاش چاقماق شەكىللىك كولىمايمىز، ئىچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە توپىمۇ دۆۋىلەپ قويمايمىز. بۇنداق بولغاندا ئەگەر بۇ خەندەكتە تۇرالماي چېكىنىپ كەتسەكمۇ، بۇخەندەك تۈز بولغانلىقتىن خەندەك ئىچىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرالايمىز. ئەگەر چاقماق شەكىللىك كولىساق دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، بۇخەندەك بىزگە نىسپەتەن بەك خەتەرلىك بولۇپ قالىدۇ (خەندەك باشقا مۇداپىئەلەرگە قارىغاندا بىخەتەرلىكى يۇقىرى، مۇستەھكەم مۇداپىئە. ئەگەر خەندەك چاقماق شەكىللىك كولانسا ياكى ئىچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە توپا دۆۋىلەنسە، بۇنىڭ بىخەتەرلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ، بۇنداق مۇستەھكەم مۇداپىئە دۈشمەنگە چۈشۈپ كەتسە ئەھۋال خەتەرلىك.) بۇ خەندەكتە تۇرۇپ ئوق ئاتسىمۇ ياكى ئىلگىرىلىسىمۇ دۈشمەن ئۈچۈن بەك قولاي، چۈنكى بىز ئۈلارغا ئوق ئاتساق خەندەكنىڭ ئەگىلمىلىرى ياكى ئىككى تەرىپىگە دۆۋىلەنگەن توپىلار ئوقنى توسىۋالىدۇ، دۈشمەن شۇ توپىلارنى ياكى ئەگىلمىلەرنى ئۆزىگە مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلىسە بىخەتەر ئىلگىرىلىيەلەيدۇ، جاپا تارتىپ دۈشمەنگە مۇداپىئە كولاپ بەرگەن بولىمىز. بۇنداق بولۇشتىن الله ساقلىسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىغا كولانغانT شەكىللىك خەندەكنى تۈز كولايمىز، مىنالاشتۇرۇۋەتسەك تېخىمۇ ياخشى.

**شەھەرلەردە (يەنى ئۆي بار ئورۇنلاردا ) مۇداپىئەلەرنى مۇستەھكەملەش**

شەھەرلەرگە (يەنى ئۆي بار ئورۇنلارغا) خەندەك ئارقىلىق رىبات ئورۇنلاشتۇرساق ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئورۇنلاشتۇرىمىز. بىرىنچى خىل ئۇسۇل - خەندەكلەرنى ئۆينىڭ كەينىگە كولاش، ئىككىنچى خىل ئۇسۇل خەندەكلەرنى ئۆينىڭ ئالدىغا كولاش.

ئۆي بار ئورۇنلاردا بىرىنچى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق رىبات ئورۇنلاشتۇرساق، بىخەتەرلىك ۋە يوشۇرۇنلۇق جەھەتتىن ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى دۈشمەن بىزنى ئۆيدە دەپ ئويلاپ دىققىتىنى ئۆيگە قارىتىدۇ. رىبات ئالماشماقچى ياكى ياردارلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولساق ۋە ياكى جەڭ ۋاقتىلىرىدا بىزگە ياردەم كەلسە، ئۆينىڭ ئارقىسىدىن دۈشمەنگە كۆرۈنمەي بىمالال ھەرىكەت قىلالايمىز. لېكىن دۈشمەننى ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ياخشى كۆزىتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، ئۇنداق بولۇپ قالسا بىرسىمىزنىڭ ئالدىنى بىرسىمىز كۆرۈپ بەرسەك بولىدۇ، بەزى-بەزىدە ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزىتىپ چىقسىمۇ كەتسىمۇ بولىدۇ.

تۈزلەڭلىكتىكى خەندەكلەرنى چاقماق شەكىللىك كولاپ ياكى ئىچىگە توپا دۆۋىلەپ مۇستەھكەملىگەنگە ئوخشاش، شەھەرلەردىكى خەندەكلەرنىمۇ شۇنداق قىلىپ مۇستەھكەملىسەك بولىدۇ.

**بىرىنچى خىل ئۇسۇل**




ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە رىبات ئورۇنلاشتۇرساق، دۈشمەننى ياخشى كۆزەتكىلى بولىدۇ. ئۆينىڭ ئالدىغا خەندەك كولىماقچى بولساق، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 20-30 مېتىر ئالدىغا كولىشىمىز كېرەك، بولمىسا دۈشمەن ئاتقان توپ ئوقى ئۆيگە تەگسە بىزگە شازايە چاچرىشى مۇمكىن. ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە رىبات ئورۇنلاشتۇرساق، خەندەكنى ئۆينىڭ كەينىدىن باشلاپ كولايمىز، بولمىسا رىبات ئالماشقاندا ماڭىدىغان، يارىدارلارنى توشۇيدىغان ۋە ياردەم كېلىدىغان بىخەتەر ئارقا سەپ يولىمىز يوق بولۇپ قالىدۇ.

2-خىل ئۇسۇل خەندەكنى ئۆينىڭ ئالدىغا كولاش شەكلى.




تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەندەكلەرنىڭ مەلۇم جايلىرىدىن، باشقا شاخچە خەندەك كولاپ ئۈستىنى يېپىۋالىمىز، بۇنداق قىلساق جەڭ ۋاقتىدا بومباردىمان كۈچىيىپ كەتسە، كىرىپ مۇداپىيەلىنىپ، بومباردىمان پەسەيگەندە چىقىپ دۈشمەنگە ئوق ئاتالايمىز.

ئەسكەرتىش: بومباردىمان كۆچىيىپ كېتىپ ئۈستى يېپىق خەندەكلەرگە كىرىپ مۇداپىئەلەنگەندە ھەممىمىز كىرىپ كەتمەي كۆزىتىشكە بىرنەچچە ئادەم قويىمىز.

خەندەكلەرنى ئۈستىگە توم ياغاچلارنى تىزىپ، توپا بىلەن ياپىمىز. تېخىمۇ مۇستەھكەم بولسۇن دىسەك، خەندەكنىڭ ئۈستىگە بالون تاشلاپ، بالوننىڭ ئوتتۇرىسىنى تاش بىلەن توشقۇزىۋەتسەكمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ نەرسىلەر خەندەكنىڭ ئورنىنى ئېنىق ئاشكارىلاپ قويىدىغان دەرىجىدە يەريۈزىدىن ئېگىز بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئېچىگە شازايە كىرىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن خەندەكنىڭ ئېغىزىغا توپا دۆۋىلەپ قويىمىز ياكى خەندەكنى ئەگمە شەكىللىك كولايمىز.

تۆۋەندىكى رەسىمدىكى پەقەت ئۈستى يېپىلغان خەندەكنىڭ شەكىللىرى. قەيەرگە كولايمىز، قانچىنى كولايمىز بۇنى يەر شارائىتىغا قاراپ بەلگىلەيمىز.



## تاغلىق ئورۇنلاردا مۇداپىئەلەرنى مۇستەھكەملەش

تاغلىق ئورۇنلارغا رىبات ئورۇنلاشتۇرماقچى بولساق، باشقا ئورۇنلارغا ئوخشاش تېز سۈرئەتتە خەندەك كولايمىز. خەندەكنى پەقەت بىز رىباتتا تۇرىدىغان تاغنىڭ چوققىسىغىلا كولىماستىن ، تاغنىڭ باغرىغىمۇ كولىشىمىز كېرەك.

تاغنىڭ چوققىسىغا ۋە باغرىغا كولانغان خەندەكلەر




كولاپ بولغاندىن كېيىن خەندەكلەرنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان يەرلىرىنى ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرىمىز، زۆرۈر بولسا ئارقا سەپ تەمىنات يولىنىمۇ خەندەكلەشتۈرىۋېتىمىز. تۈزلەڭلىكتە ھەممە خەندەكلەرنى چوقۇم ئۆزئارا تۇتاشتۇرىشىمىز ۋە ئارقا سەپ تەمىنات يولىنىمۇ خەندەكلەشتۈرىشىمىز كېرەك. لېكىن تاغلىق ئورۇنلاردا ئېھتىياج تۇغۇلمىسا خەندەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى تۇتاشتۇرۇشنىڭ مەقسىتى شەھىد، يارىدارلار بولسا بىخەتەر يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىش، ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ بىخەتەر كېلەلىشى، خەندەكتىكىلەرنىڭ بىخەتەر ھەرىكەت قىلالىشى ۋە ئۆز-ئارا ياردەمدە بولالىشى ئۈچۈندۇر. تۈزلەڭلىكتە ھەممە خەندەكلەرنى ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرۇۋەتمىسە، ياردەم كېلىدىغان، يارىدارلارنى توشۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان يوللارنىمۇ خەندەكلەشتۈرىۋەتمىسە ھەرىكەت قىلماق تەس ۋە خەتەرلىك بولىدۇ، لېكىن تاغلاردا بىر خەندەكتىن چىقىپ يەنە بىر خەندەككە بارماقچى ياكى يارىدارلارنى يۆتكىمەكچى بولساق، خەندەكتىن چىقىپ بىر-ئىككى قەدەم پەسكە چۈشۈۋالساقلا ئوق تاغدىن ئېشىپ كېتىدۇ، يارىدارلارنى بىخەتەر توشىيالايمىز ۋە باشقا خەندەكلەرگە بارالايمىز، تاغلىق ئورۇنلارنىڭ يەنە بەزىلىرىدە ئارقا سەپ يولىنى خەندەكلەشتۈرمىسەكمۇ بولىدۇ، چۈنكى بەزى تاغلاردا بەلكى كۆپىنچە تاغلاردا ياردەم كېلىدىغان يول رىباتتا تۇرىدىغان تاغنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا خەندەك كولىمىساقمۇ ياردەم بىمالال كېلەلەيدۇ، پەقەت ئوچۇقچىلىقتا قالىدىغان يەرلەرلا خەندەكلەشتۈرۈلسە بولىدۇ. ئۇندىن باشقا تاغدا خەندەك كولىماق تەس، شۇڭلاشقا تۈزلەڭلىكتىكىگە ئوخشاش خەندەكلەرنىڭ

ھەممىسىنى تۇتاشتۇر ۋەتمىسەكمۇ، ئارقا سەپ يولىنى خەندەكلەشتۈرۋەتمىسەكمۇ بولىدۇ. لېكىن تاغدا خەندەك كولاشنىڭ تەسلىكى بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئەمەس، بەلكى بۇنى بەلگىلەيدىغان ئامىل زۆرۈرىيەت بولۇپ، ئەگەر ئېھتىياجلا بولىدىكەن قانچىلىك تەس بولىشىدىن قەتئىنەزەر، پارتلىتىپ بولسىمۇ چوقۇم خەندەكلەرنى ئۆز-ئارا تۇتاشتۇرىشىمىز ۋە ئارقا سەپ يولىنى خەندەكلەشتۈرىشىمىز كېرەك. تەس بولسا ئەجىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. كولىمىغانلىق سەۋەبىدىن بۇرادەرلەرگە تالاپەت يەتسە، اللەنىڭ ئالدىدا بۇرادەرلەرنىڭ قېنىدىن سورۇلۇپ قالىمىز. خەندەك كولاش، اللەنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشتىن ئاسان ئەلۋەتتە. خەندەكلەرنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىن، بىز رىباتتا تۇرىۋاتقان تاغنىڭ كەينىدىكى مۇۋاپىق تاغقا ئېھتىيات ئۈچۈن، مۇشۇ تاغدىكى مۇداپىئەلەرگە ئوخشاش مۇستەھكەم مۇداپىئەلەرنى ياساپ قويىمىز. ئۆزىمىز تۇرىدىغان تاغقىمۇ كۆپرەك خەندەك كولاپ قويساق ياخشى، بومبارىدىمان بولۇپ كەتكەندە تارقىلىپ تۇرالايمىز.

**خەندەكلەرنى تاغنىڭ چوققىسىغا ۋە باغرىغا كۆپ كولاشنىڭ ۋە ئارقىمىزدىكى تاغقا ئېھتىيات ئۈچۈن مۇداپىئە قىلىپ قويۇشنىڭ بەزى پايدىلىرى:**

بىز ئادەتتە تاغلاردا رىباتتا تۇرساق تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرىمىز، چۈنكى تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرساق دۈشمەننى ياخشى كۆزەتكىلى، ياخشى زەربە بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن مۇداپىئە، خەندەكلەر تاغ چوققىسىدىكى بىر-ئىككى نوقتىدىلا بولىدۇ. ئەگەر دۈشمەن بىزنىڭ رىبات ئورنىمىزغا ئىلگىرىلىمەكچى بولسا، بىزنىڭ تاغ چوققىسىدا تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىدۇ (تاغلىق رايونلاردىكى رىباتنىڭ تاغ چوققىسىدا بولىدىغانلىقى ئەسكىرى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم، چۈنكى پەستە رىبات تۇتقاننىڭ پايدىسى يوق، كىم ئېگىزدە بولسا شۇ كەڭرى دائىرىنى كونترول قىلالايدۇ، تاغلىق رايونلارنىڭ جېڭىمۇ ئېگىزلىك تالىشىپ بولىدۇ). ئىلگىرىلىگەندە تاغنىڭ چوققىسىنى يەردىن ۋە هاۋادىن قاتتىق بومبارىدىمان قىلىدۇ، بۇ ئەھۋالدا بىز دۈشمەنىنىڭ ئىلگىرىلىمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز ۋە بۇرادەرلەرنى ياردەمگە چاقىرىمىز، بۇرادەرلەرمۇ ياردەمگە تاغقا چىقىدۇ، لېكىن بىزنىڭ تاغ ئۈستىدە بىر ياكى ئىككى خەندىكىمىز ياكى ئادەتتىكى مۇداپىئەيىمىز بار، ھەممىمىز مۇداپىئەلەرگە كىرىپ تۇرساق بىر يەرگە توپلىشىپ قالىمىز. ئەگەر توپلاشمىساق ئوچۇقچىلىقتا قالىمىز. بۇ ئەھۋالدا تالاپەت كۆپ بولۇپ كېتىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇ يەردىن چېكىنىپ كېتىپ كەينىمىزدىكى بىرەر تاغقا ئورۇنلىشىۋالالمىساق كۆپ يەرلەر قولدىن كېتىشى مۇمكىن، (تاغلىق ئورۇنلاردا بىر تاغ قولدىن كەتسە ئاز بولغاندا بىر-ئىككى كېلومېتىر، بولمىسا بەش-ئالتە كېلومېتىر ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراققا چېكىنىشكە توغرا كېلىدۇ) ئەگەر بىز چېكىنمەي دۈشمەننى چېكىندۈرگەن تەقدىردىمۇ، شەھىد ۋە يارىدارلار كۆپ مۇسىبەتلىك بىر جەڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز مۇداپىئەلەرنى تاغنىڭ چوققىسىغىلا كولىماستىن، تاغنىڭ باغرىغىمۇ كولىساق، كولىغاندىمۇ كۆپرەك كولاپ قويساق، ئېھتىيات ئۈچۈن كەينىمىزدىكى تاغقىمۇ مۇداپىئەلەرنى ياساپ قويساق، دۈشمەن ئىلگىرىلەشتىن بۇرۇن يەردىن ۋە

هاۋادىن  قاتتىق بومباردىمان قىلسا، تاغنىڭ باغرىدىكى مۇداپىئەلىرىمىزگە تارقاپ كېتىمىز (ھەممىمىز چۈشۈپ كەتمەي كۆزىتىشكە ئىككى-ئۈچ ئادەم قالدۇرۇپ قويۇپ چۈشۈپ كېتىش كېرەك)، بومباردىمان بولىۋاتقاندا تاغ ئۈستىدە كۆپ ئادەم تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق بەلكى زىيانلىق. قاتتىق بومباردىماندىن كېيىن پىيادە ئەسكەرلەر ئىلگىرىلەپ چىقىدۇ، بۇلار بىزگە يېقىنلاشقاندا دۈشمەن بومباردىماننى پەسەيتىدۇ، بۇ چاغدا تاغنىڭ ئۈستىدىكى مۇداپىئەلىرىمىزگە چىقىپ پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنى توسىمىز. تاغنىڭ ئۈستىگىمۇ، باغرىغىمۇ كۆپرەك مۇداپىئەلەرنى قىلىپ، بومباردىماندا تاغنىڭ باغرىغا چۈشۈۋېلىپ مۇداپىئەلىنىپ، بومباردىمان پەسەيگەندە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جەڭ قىلىشنىڭ ان شـــاءالله پايدىسى كۆپ. بىز سەۋەپنى تۇتۇپ، بومباردىماندا تاغ باغرىغا چۈشۈۋېلىپ اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن كۆپ تالاپەت كۆرمىدۇق، ئەمدى رىبات ئورنىمىزغا چىقىپ پىيادە ئەسكەرلەرنى ان شاءالله چېكىندۈرەلەيمىز. چۈنكى دۈشمەن ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ئالدىمىزغا مۇداپىئەلىرىنى (خەندەكلىرىنى) كۆتۈرۈپ كېلەلمەيدۇ، بىزنىڭ كولىۋالغان تەييار خەندەكلىرىمىز بار. ئەگەر شۇنداقتىمۇ اللەنىڭ ئىمتىھانى كېلىپ، شۇنچە سەۋەپلەرنى تۇتساقمۇ بۇ تاغ قولدىن كەتسە،  بىز ئېھتىيات ئۈچۈن كەينىمىزدىكى تاغقا ياساپ قويغان مۇداپىئەلەرگە ئورۇنلىشىۋالالايمىز.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن خەندەكلەرنى مۇستەھكەملەش، (يەنى خەندەكلەرنى چاقماق شەكىللىك كولاش، خەندەكنىڭ ئىچى ئىككى تەرىپىگە توپا دۆۋىلەش، خەندەكلەرنىڭ ئىچىدىن شاخچە خەندەكلەرنى كولاش ۋە ئۈستىنى يېپىش)......قاتارلىقلار تۈزلەڭلىك، شەھەر ۋە تاغلىقلاردا ئېھتىياجغا قاراپ ئورتاق قوللىنىلىدۇ.

**مۇسلىم ئۇستازنىڭ خەندەك توغرىسىدا قىلغان سۆزى:**

بىز چېچېنىستاندا روسقا قارشى جىھاد قىلغان ۋاقتىمىزدا رىبات ئورۇنلىرىمىزنى خەندەكلەشتۈرىۋېتەتتۇق. روسلار ئىلگىرىلىگەندە، بۇ يەردە تىرىك جانلىق قالمىدى دىگۈدەك قاتتىق بومباردىمان قىلىپ، ئاندىن پىيادە ئىلگىرىلەپ كېلەتتى. بومباردىمان قىلىۋاتقاندا بىز ئۈستى يېپىق خەندەكلىرىمىزگە تارقىلىپ تۇراتتۇق، ئۇلار بومباردىماننى توختۇتۇپ پىيادە ئىلگىرىلەپ بىزگە يېقىنلاشقاندا بىز ئۇ خەندەكلەردىن چىقىپ ئېتىشقا باشلايتتۇق، بىزنىڭ خەندىكىمىز بار، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۇداپىئەلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، اللەنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بىر جەڭدىلا نۇرغۇن روس ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرەتتۇق، روسلار بىز شۇنچە قاتتىق بومباردىمان قىلساق بۇلار قەيەردىن كەلدى دەپ ساراڭ بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار بىزنىڭ مۇداپىئەلىرىمىزنى ئالالماي ھەتتا ئۇن تونىنلىق بومبىلارنى تاشلىغان. خەندەك بىز مۇجاھىدلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇداپىئە، دۈشمەن ھەرقانچە قاتتىق بومباردىمان قىلسىمۇ خەندەك بىلەن ئىنتايىن ياخشى مۇداپىئەلەنگىلى بولىدۇ ان شـــاءالله. شۇنىڭ ئۈچۈن خەندەك كولاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئۇستازنىڭ سۆزى تۈگىدى

ئاخىرىدا، رەببىمىزدىن بۇ بىلىملىرىمىزنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بىزگە پايدىسى تېگىدىغان بىلىملەر قاتارىدىن قىلىپ بېرىشىنى، بىزلەرنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى مۇسۇلمانلارغا مۇسىبەت قىلماسلىقنى سورايمىز. الله ھەممىمىزنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلسۇن! بۇ بىلىملەرنى جىھادى پائالىيەتلىرىمىزدە ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە ياردەم بەرسۇن، خاتا كەتكەن يەرلىرىمىزنى كەچۈرسۇن امين...!!!

**ھىجرىيە 1439-رەبىئۇسسانى**
**مىلادىيە 2017-دىكابىر**
**خۇراسان**

بىز دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا بىزنىڭ يەيدىغان رىزقىمىز، قانچىلىك ياشىشىمىز، قاچان قەيەردە ھاياتىمىزنىڭ تۈگىشى پۈتۈلۈپ بولغان، ئەگەر بىزنىڭ رىزقىمىز تۈگىگەن ، مۇشۇ جەڭدە ياكى مۇشۇ ئەمەلىيەتتە شەھىد بولۇش پۈتۈلۈپ بولغان بولسا، بىز بۇ شاھادەتنى ناھايىتى گۈزەل رەۋىشتە، اللهقا ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈپ دۈشمەن تەرەپكە ئېتىلىپ، الله يولىدا شىجائەت كۆرسىتىپ، بىزگە قاراپ كۈلگىدەك دەرىجىدە قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى. بىزنىڭ شىجائىتىمىز ئۆلۈمنى تېزلەشتۈرمەيدۇ، قورقۇپ مۈكۈنۈۋېلىشىمىز، ئۆمرىمىزنى ئۇزارتمايدۇ. جەڭ ۋاقىتلىرىدا ۋە دۈشمەن ئىلگىرىلەپ كەلگەن ۋاقىتلاردا، بۇرادەرلەرگە اللهنىڭ ياردىمىنىڭ بىزگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، اللهنىڭ شەھىدلەرگە تەييارلىغان نېمەتلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق بۇرادەرلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈپ، سابىت تۇرۇشقا دەۋەت قىلىشىمىز كېرەك.لېكىن شىجائەت دېگەنلىك، ئېھتىياتنى تۇتمايلا دۈشمەننىڭ ئوقىغا ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ بېرىش ئەمەس. بىز شىجائەت بىلەن قارامىلىقنى (يەنى ئېھتىياتسىزلىقنى)، قورقۇنچاقلىق بىلەن ئېھتىياتنى ياخشى پەرىقلەندۈرىشىمىز كېرەك. الله بىزلەرنى شىجائەتلىك مۇجاھىدلاردىن قىلسۇن ۋە ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىنى ئۆزى رازى بولغان مەقبۇل شاھادەت قىلسۇن ئامىن.!]

مەزكۇر كىتابتىن ئېلىندى

